# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

# INFORMATION OF CENTRAL ASIA

# 中亚信息



5
1998

# 《中亚信息》(维文版) 目 次 1998 年第 5 期 （总第 82 期）

新疆维吾尔自治区
科学技术委员会
主　办

（双月刊）

编委会：
主任委员：
张曰知
副主任委员：
顾家骝
王本年
夏尔甫丁 · 夏木西
委员：
姑丽素木
艾来提
米娜娃
主编：
姑丽素木
执行主编：
艾来提
编辑与翻译：
米娜娃
牙尔买买提
穆娅莎
本期责任编辑：
牙尔买买提

每双月 25 日出版

## 综述

哈萨克斯坦的植物油市场 ………… (3)
白金之国 — 乌兹别克斯坦的棉花 ………… (8)
伊斯兰地区生物技术发展现状 ………… (13)
杰兹卡兹甘有色金属公司简介 ………… (15)

## 投资

俄罗斯投资需求大，回报率高的几种行业 ………… (17)
外国投资者在土库曼斯坦的作用越来越大 ………… (20)

## 石油与天然气

先进的工艺将加速推进哈国石油走向国际市场 … (23)

## 法规条令

乌兹别克斯坦总统关于 1998—2000 年期间深化农业经济改革的规划令 ………… (28)
塔吉克斯坦加入中亚三国关于建立统一经济空间条约 ………… (29)

## 合作

阿曼向哈国新首都提供 1000 万美元援助 ………… (16)
美国将为乌兹别克斯坦提供 21.5 亿美元 ………… (27)
新疆建筑建材业打入哈国新首都 ………… (34)
阿塞拜疆将同美法两国共同开发里海阿普歇隆矿区 ………… (30)
哈韩合建大型彩电生产厂 ………… (36)
乌克兰与俄互免增值税、进口税 ………… (38)

## 周边动态

为什么《阿克莫拉》要更名为《阿斯塔纳》? ………… (37)
为了维护国家的利益 ………… (39)
咸海濒临死亡 ………… (31)
中亚联盟在比什凯克召开会议 ………… (40)
哈萨克斯坦的节日和纪念日 ………… (44)
中亚缉毒极需新战略 ………… (42)
法国召开中亚问题研讨会 ………… (44)

## 国际联网信息

我国洗衣粉在吉尔吉斯斯坦销量日增 ………… (46)
独联体国家今年头 5 个月外贸下降 ………… (27)
俄能源专家制定 21 世纪新能源构想 ………… (45)

## 外贸信息

哈萨克斯坦明年要花 4 亿美元改造新首都 ………… (48)
哈将建立石油博物馆 ………… (46)
增值税妨碍海关联盟国家间的贸易发展 ………… (47)
哈萨克斯坦的外贸屏障 ………… (32)
俄加强对特大企业征税 ………… (35)
吉尔吉斯斯坦减少食品进口 ………… (33)
俄将向中国出口电力 ………… (38)

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

1988 - يىلىدىن باشلاپ
نەشر قىلىنىۋاتىدۇ
1998 - يىل 5 - سان
ئومۇمىي 82 - سان

تەھرىر ھەيئىتى:
مۇدىر:
جاڭ بوڭ
مۇئاۋىن مۇدىرلار:
گۇ جيايۈي
ۋاڭ بىنيەن
شەرىپىدىن شەمشى
ھەيئەت ئەزالار:
گۈلسۇم ئابدۇۋايىت
غەيرەت توختى
مۇنەۋۋەر قادىر

مەسئۇل مۇھەررىر:
گۈلسۇم ئابدۇۋايىت
مەخسۇس مەسئۇل مۇھەررىر:
غەيرەت توختى (04)
مۇھەررىر ۋە تەرجىمانلار:
مۇنەۋۋەر قادىر (01)
يارمۇھەممەت ئىبراھىم (02)
مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم (03)
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
يارمۇھەممەت ئىبراھىم
ھەر جۈپ ئاينىڭ 25 - كۈنى
نەشردىن چىقىدۇ

## ماتېرىيال

قازاقستاننىڭ ئۈسۈملۈك مېيى بازىرى ......... (3)
ئاق ئالتۇن ماكانى - ئۆزبېكىستان ........... (8)
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان رايونلارنىڭ بىئو تېخنىكا
تەرەققىيات ئەھۋالى ........................ (13)
جىزقازغان رەڭلىك مېتال شىركىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى
............................................. (15)

## مەبلەغ سېلىش

روسىيىدىكى سېلىنغان مەبلەغنىڭ قايتىپ كېلىش
نىسبىتى يۇقىرى بولغان بىر قانچە خىل كەسىپلەر
.............................. (17)
چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ تۈركمەنىستاندىكى
رولى ............................ (20)

## نېفىت ۋە تەبىئىي گاز

ئىلغار تېخنىكا قازاقستان نېفىتىنى خەلقئاراغا تېز
يۈزلەندۈردى ........................ (23)

## قانۇن - بەلگىلىمە

ئۆزبېكىستان پرېزىدېنتىنىڭ 1998- يىلدىن 2000-
يىلغىچە بولغان يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پەرمانى ...... (28)
تاجىكىستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ بىرلىككە
كەلگەن ئىقتىسادىي مۇھىت بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى
كېلىشىمگە قاتناشتى........................ (29)

## ئىقتىسادىي ھەمكارلىق

ئومان دۆلىتى قازاقستاننىڭ يېڭى پايتەختى ئۈچۈن
ئىقتىسادىي ياردەم بەردى ................ (16)
ئامېرىكا ئۆزبېكىستانغا پۇل قەرز بېرىدۇ ...... (27)
شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق ساھەسى قازاقستاننىڭ يېڭى
پايتەختىگە بوسۇپ كىردى.................. (34)

ئەزەربەيجان ئامېرىكا ۋە فرانسىيە بىلەن بىرلىكتە كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئاپشېرون كان رايونىنى ئاچماقچى ........................................ (30)
قازاقستان بىلەن كورىيە بىرلىشىپ رەڭلىك تېلېۋىزور ئىشلەپ چىقىرىش زاۋۇتى قۇردى ........................................ (36)
ئۇكرائىنا بىلەن روسىيە قىممىتى ئاشقان باج بىلەن ئىمپورت بېجىنى ئۆز ئارا كەچۈرۈم قىلدى ........................................ (38)


## قوشنا دۆلەتلەردە

«ئاقمولا» دېگەن شەھەر نامىنىڭ «ئاستانە» گە ئۆزگەرتىلىشى ........................ (37)
دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ........................ (39)
ئارال دېڭىزى يوقىلىش ئالدىدا تۇرماقتا ........................ (31)
ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقى بىشكەكتە يىغىن چاقىردى ........................ (40)
قازاقستاننىڭ بايرام ۋە خاتىرە كۈنلىرى ........................ (44)
ئوتتۇرا ئاسىيا رەھبەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشتە يېڭى ستراتېگىيىگە مۇھتاج ........................ (42)
فرانسىيىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ........................ (44)


## ئىنتېرنېت ئۇچۇرلىرى

دۆلەتسىز سوپىلار پاراشوكى قىرغىزستاندا ........................ (46)
مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ دەسلەپكى بەش ئېيىدىكى تاشقى سودا ئەھۋالى ........................ (27)
روسىيە ئېنېرگىيە مۇتەخەسسىسلىرى 21 - ئەسىردىكى يېڭى ئېنېرگىيە توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى سۆزلەشتى ........................ (45)


## چېگرا سودا ئۇچۇرلىرى

قازاقستان كېلەر يىلى يېڭى پايتەخت ئۈچۈن 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىدۇ ........................ (48)
قازاقستاندا نېفىت مۇزېيى قۇرۇلىدۇ ........................ (46)
قوشۇلما قىممەت بېجى تاموژنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى سودا تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولماقتا ........................ (47)
قازاقستاننىڭ تاشقى سودا تورسىسى ........................ (32)
روسىيە ئالاھىدە چوڭ كارخانىلاردىن باج ئېلىشنى كۈچەيتتى ........................ (35)
قىرغىزستان يېمەكلىك ئىمپورت قىلىشنى ئازايتتى ........................ (33)
روسىيە جۇڭگوغا ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئېكسپورت قىلماقچى ........................ (38)


## يۇمۇرلار

# قازاقىستاننىڭ ئۆسۈملۈك مېيى بازىرى

ئۆسۈملۈك مېيى بولسا ئېھتىياج مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغان بىر خىل ئالاھىدە مەھسۇلات بولۇپ، يېمەكلىك سانائىتى، سىر - بوياق سانائىتى، سوپۇن ياساش كەسپى، يوغۇمچىلىق، كۆن - خۇرۇم سانائىتى، گىرىم بۇيۇملىرى سانائىتى ۋە دورا ياساش سانائىتىدە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. ئۆسۈملۈك مېيى بازار ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەزى دۆلەتلەرنىڭ يېنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

دۇنيانىڭ مايلىق زىرائەت ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىشىدا بىر قەدەر چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدىغىنى سېرىق پۇرچاق (53%)، چېكىت (14%)، ئاپتاپپەرەس (9.6%) ۋە خاسىڭ (7.7%) بولۇپ، ئاپتاپپەرەس ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق رايون مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردىن ئىبارەت.

قازاقىستاننىڭ مايلىق زىرائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مىقدارى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ 1% نى ئىگىلەيدۇ، مايلىق زىرائەت ئىشلەپچىقىرىشتا ئاپتاپپەرەسنى ئاساس قىلىدۇ (58%). ئۇنىڭدىن باشقا يەنە زىغىر، سېرىق پۇرچاق، قىچا، چېكىت قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستى، سېمىپالاتىنسكى ئوبلاستى، جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستى ۋە پاۋلودار ئوبلاستىنىڭ ئەيمىنى شارائىتى بىر خىلدىكى زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدۇ.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، گەرچە قازاقىستاننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مايلىق زىرائەت ئۆستۈرۈش كۆلىمى ئاشقان بولسىمۇ، بىراق مەھسۇلات مىقدارى ئۇدا تۆۋەنلەۋاتىدۇ. 1990 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، 1996 - يىلى ھەر بىر گېكتاردىن ئېلىنغان ھوسۇل 650 كىلو گرام بولۇپ 230 كىلو گرام تۆۋەنلىدى. ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 110 مىڭ 50 تونna بولۇپ، 50% تۆۋەنلىدى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەھۋالى ئاساسەن ئوخشاش، 1996 - 1997 - يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى ئاران 5 مىليون 200 مىڭ تونna بولۇپ 1995 - 1996 يىللىق مەھسۇلات مىقدارىدىن 2 مىليون 190 مىڭ تونna تۆۋەنلىدى. قازاقىستاننىڭ مايلىق زىرائەت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ تۆۋەنلىشىدىكى سەۋەب، ئىشلەپچىقارغۇچىلاردا زۆرۈر بولغان مەبلەغ كەمچىل، بۇ ئوخشاشلا تۆۋەنكى پۇتكۈل يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىق. ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ قولىدا يېتەرلىك مەبلەغ بولمىغاندىكىن دەل ۋاقتىدا تېرىقچىلىق قىلالمايدۇ ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ، نەتىجىدە مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ۋە زىيان بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ (30%)، ئۇنىڭدىن باشقا، سورت يېتىلدۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئاجىز بولۇشى ۋە ئەلا سورتلارنى رايون بويىچە تېرىشنىڭ ئازىيىپ كېتىشىمۇ

مايلىق زىرائەت مەھسۇلاتىنىڭ تۆۋەنلىشىدىكى سەۋەپ.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆسۈملۈك مېيىغا بولغان ھەر يىللىق ئېھتىياج مىقدارى تەخمىنەن 240 مىڭ توننا كېلىدۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەڭ كۆپ ئىشلەپچىقىرىلغان 1991 - يىلىدىكى مىقدارىمۇ (100 مىڭ توننا) ئېھتىياج مىقدارىنىڭ يېرىمىدىن ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1991 - يىلىدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا ئۆسۈملۈك مېيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى داۋاملىق تۆۋەنلىدى، 1996 - يىلى ئاران 40 مىڭ 100 توننا بولدى، بۇنىڭدىن قازاقىستاننىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ئۆسۈملۈك مېيىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بازارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەرگىزمۇ قامدىيالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، قازاقىستاننىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۆسۈملۈك مېيى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى بازارنىڭ 50% نى قامداشنىمۇ 2010 - يىلىدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىكەن. بۇ ۋاقىتقا بارغاندا، بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن كېيىن، جۇمھۇرىيەتنىڭ مايلىق زىرائەت مەھسۇلات مىقدارى 390 مىڭ - 410 مىڭ توننىغا يېتىدىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە چىگىت 90 مىڭ - 100 مىڭ توننا بولىدىكەن، بۇ خام ئەشيالار بىلەن 120 مىڭ - 140 مىڭ توننا ئۆسۈملۈك مېيى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىكەن.

ھازىر قازاقىستاندا ئۆسۈملۈك مېيى ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ تىپتىكى كەسپىي زاۋۇتتىن ئىككىسى بار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا چىمكەنت ۋە ئۇست كامېنگورسكى شەھەرلىرىگە جايلاشقان. بۇ ئىككى زاۋۇت خام ئەشيا يېتىشمەسلىك، كۆپ ساندىكى ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئۇپرىشى ئېغىر بولۇش، بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى ئارقىدا قېلىش قاتارلىق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە، بىراق چىمكەنت ئۆسۈملۈك مېيى زاۋۇتىنىڭ ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشىراق. چىمكەنت ئۆسۈملۈك مېيى زاۋۇتى 1942 - يىلى قۇرۇلغان، ئەينى ۋاقىتتا قازاقىستاننىڭ ۋە ئەتراپىدىكى كېۋەز ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ چىگىتلىرىنى پىششىقلاپ ماي ئىشلەپچىقىراتتى. كېيىن قوشنا دۆلەتلەر تەمىنلىگەن چىگىت مىقدارى ئازايغانلىقتىن، چىگىت مېيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى جىددىي تۆۋەنلەپ كەتتى، زاۋۇتنى تولۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ئۈچۈن، زاۋۇت يۇرچاق ئىمپورت قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى، 1993 - يىلى بۇ زاۋۇت ئاساسىدا «چىمكەنت ماي مەھسۇلاتلىرى» ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇلدى ۋە بىر سوتكىدا 280 توننا مايلىق زىرائەت ئۇرۇقىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا يەتتى. ھازىر بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان چەككىلەنگەن ۋە چەككىلەنمىگەن ئاپتاپپەرەس مېيى، چىگىت مېيى، يۇرچاق مېيى، قىچا مېيى، زىغىر مېيى، كۆممىقوناق مېيى، كەندىر مېيى، سوپۇن، ھىدروگېنلاشقان ماي، گلىتسېرىن ۋە ماي تېرىپى ئاساسلىقى ئاھالىسى بىر قەدەر كۆپ بولغان چىمكەنت ئوبلاستى (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 مىڭ 800 توننا)، ئالما - ئاتا ئوبلاستى (1100توننا) ۋە جامبۇل ئوبلاستى (700 توننا) قاتارلىق ئورۇنلارغا سېتىلىدۇ. «چىمكەنت ماي مەھسۇلاتلىرى» ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ ئۆسۈملۈك مېيى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى ئاساسلىق رىقابەت ئوبيېكتى ئۇست كامېنگورسكى ماي تارتىش زاۋۇتى، شۇنداقلا قوشنا بولغان قىرغىزستان، ئۆزبېكىستان،

تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستاندىكى ئوخشاش تۈردىكى كارخانىلاردۇر، بىراق «چىمكەنت ماي مەھسۇلاتلىرى» ھەسسىدارلىق شىركىتى ئۆز دۆلىتىدىكى ئۆسۈملۈك مېيى بازىرىنىڭ 37٪ نى ئۆلۈشىنى ئىگىلىۋالدى، باھاسىمۇ يۇقىرىقى ئورۇنلارنىڭكىدىن 12٪ - 15٪ تۆۋەن .

ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆسۈملۈك مېيىغا بولغان ئوتتۇرىچە ئېھتىياج مىقدارى رايون ئامىلىنىڭ (مىللىي ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش سەۋىيىسى، مايلىق زىرائەتنى ئۆستۈرۈش ئىقتىدارى قاتارلىقلار) تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بىرقەدەر چوڭ پەرقلىنىدۇ، مەسىلەن، موڭغۇلىيىدە ھەر يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۆسۈملۈك مېيىغا بولغان ئېھتىياجى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 كىلو گرام، بۇلغارىيىدە 16 كىلو گرام، فرانسىيىدە بولسا 20 كىلو گرام. قازاقىستاندا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۆسۈملۈك مېيى ئېھتىياج مىقدارى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېشىشقا قاراپ يۈزلەندى، 1997 - يىلى 1992 - يىلىغا قارىغاندا 23٪ ئاشتى، يەنى 14 كىلو گرامغا يەتتى. بىراق شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆسۈملۈك مېيىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 31.5٪ تۆۋەنلىدى، دۆلەت ئىچى بازىرىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆسۈملۈك مېي داۋاملىق ئىمپورت قىلىندى، ئۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدىن باشقا دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىنغان ئۆسۈملۈك مېيى ئىمپورت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 58٪ ىنى ئىگىلىدى. ھازىر قازاقىستان بازارلىرىدا تۈرلۈك ئۆسۈملۈك مايلىرى بار، ئۇنىڭ ئىچىدە تۈركىيىنىڭ، ئىسپانىيىنىڭ، گېرمانىيىنىڭ، گرېتسىيىنىڭ، ئىسرائىلىيىنىڭ، جۇڭگونىڭ، روسسىيىنىڭ ۋە ئۇكرائىنانىڭ ئۆسۈملۈك مايلىرى بار. گەرچە قازاقىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان ئۆسۈملۈك مېيىنىڭ باھاسى ئىمپورت قىلىنغان ئۆسۈملۈك مېيىنىڭ باھاسىدىن تۆۋەن بولسىمۇ، بىراق دۆلەت ئىچىدىكى بازارنىڭ دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقارغان ئۆسۈملۈك مېيىغا بولغان ئېھتىياج مىقدارى ئىمپورت قىلىنغان مايلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۆسۈملۈك مېيى مەيلى سۈپەت جەھەتتە، قاچىلاش ياكى ئېلان جەھەتتە بولسۇن رىقابەت كۈچى كەمچىل .

قازاقىستانمۇ ئاز مىقداردا ئۆسۈملۈك مېيى ئېكسپورت قىلىدۇ، كۆپ قىسمى چەت ئەلدە ھىدروگېنلاشقان ماي قىلىپ ئايرىلغاندىن كېيىن قازاقىستانغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئاساسلىق خام ئەشيا سۈپىتىدە قازاقىستان خەلقىنىڭ قايماق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلىدۇ. قازاقىستان ئېكسپورت قىلغان ئۆسۈملۈك مېيى ئاساسلىقى روسسىيە بىلەن قىرغىزىستانغا توشۇلىدۇ، 1995 - يىلى بۇ ئىككى دۆلەتكە ئېكسپورت قىلغان ئۆسۈملۈك مېيى مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 67 تونىنا ۋە 72 تونىنا بولىدۇ.

بازار ئىگىلىكى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قازاقىستان ئۆسۈملۈك مېيى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرماقچى ھەم ئۆز دۆلىتىدىكى خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ئۆسۈملۈك مېيى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى بىلەن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈش، تېرىقچىلىق، سېتىۋېلىش، زاپاس ساقلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش، كېرەكسىز ماددىلاردىن پايدىلىنىش قاتارلىق ئوخشىمىغان ھالقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۇتاش مەشغۇلات سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

خام ئەشيا ئىشلەپچىقارغۇچى، سېتىۋالغۇچى ۋە پىششىقلاپ ئىشلىگۈچىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىش مۇستەھكەم بازا قۇرۇپ چىققاندىلا ئاندىن بۇ خىل سىستېمىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، بىراق قازاقستاننىڭ دېھقانچىلىق ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەر بۇ خىل پەرەزنى خىيالغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

نەزەرىيە جەھەتتە ئېيتقاندا، قازاقستاندا كۈندۈلۈك پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 200 تونىغا يېتىدىغان ئوتتۇرا تىپتىكى ماي تارتىش زاۋۇتى قۇرۇش بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق، بىراق قازاقستاندا ھازىر 400 كىچىك تىپتىكى ماي تارتىش زاۋۇتى بار، كۆپ قىسمىنى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ئۆزى قۇرغان بولۇپ، مايلىق زىرائەت ئۆستۈرۈلىدىغان ھەرقايسى ئوبلاستلارغا تارقالغان. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب ھەر خىل، بىرىنچىدىن، ئوتتۇرا تىپتىكى ماي تارتىش زاۋۇتى قۇرۇش ئۈچۈن مەبلەغ كېتىدۇ، دۆلەتتە ھازىر كەمچىل بولۇۋاتقىنى دەل مەبلەغ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىدە 1994 - 1998 - يىلى قۇرۇش پىلانلانغان ماي تارتىش زاۋۇتلىرىنىڭ بىرىمۇ قۇرۇلمىدى. ئىككىنچىدىن، خام ئەشيا ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغانلىقتىن قازاقستاننىڭ ھازىرقى ئۆسۈملۈك مېيى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى تولۇق ئىشلىمەيۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئوتتۇرا تىپتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇش بىر خىل ئىسراپچىلىقتىن ئىبارەت. ئۈچىنچىدىن كىچىك تىپتىكى ئۆسۈملۈك مېيى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ سۇ، توك يېقىلغۇ ۋە ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياجى چوڭ ئەمەس، بۇ قازاقستاندا كىچىك تىپتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى بەلگىلىگەن. تۆتىنچىدىن، خام ئەشيا سېتىۋېلىش تارماقلىرى بەلگىلىگەن سېتىۋېلىش باھاسى تۆۋەن، شۇنداقلا ھېچقانداق ئېنىق شەرتى يوق، بۇ خىل ئەھۋال مايلىق زىرائەت ئۆستۈرگۈچىلەرنى مايلىق زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى سېتىۋېلىش تارماقلىرىغا سېتىپ بەرمەستىن ئۆزلىرى كىچىك تىپتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغان.

گەرچە نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ كىچىك تىپتىكى ئۆسۈملۈك مېيى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىمۇ رىقابەت كۈچىگە ئىگە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارنى ئىگىلىيەلىسىمۇ، بىراق يەنىلا ھۈنەر - سەنئەتتە مۇكەممەل بولماسلىق، تەننەرخى چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭكىدىن چوڭ بولۇشتەك يېتەرسىزلىكلەرگە ئىگە. قازاقستاننىڭ كىچىك تىپتىكى ئۆسۈملۈك مېيى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىدا بۇ يېتەرسىزلىكلەردىن باشقا، يەنە كونا ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىشقا، ئىلغار ھۈنەر - سەنئەتنى كىرگۈزۈشكە يول بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت، شۇڭا مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرغىلى بولمايلا قالماستىن، سۈپىتىگىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. دەل قازاقستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان ئۆسۈملۈك مېيىنىڭ ساپلىقى ياخشى ئەمەسلىكى، ئۇنى ئۇزاق مۇددەت ساقلىغىلى بولمايدىغانلىقى، تەمىنىڭمۇ ساپ ئەمەسلىكى، بەزىلىرىدە سالامەتلىككە زىيانلىق ماددىلارنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈنلا بازاردىكى رىقابەت كۈچى ئىمپورت قىلىنغان ئۆسۈملۈك مېيىغا بەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كىچىك تىپتىكى ماي پىششىقلاش كارخانىلىرىنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگىمۇ ئېرىشىش لازىم،

مەسىلەن ئېتىبار باج سىياسىتى، كرېدىت سىياسىتى تۈزۈش، ماددىي جەھەتتە ياردەم بېرىش، ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز بېرىش قاتارلىقلار، بۇلار قازاقىستاندا تېخى بوشلۇقتىن ئىبارەت.

نۆۋەتتە قازاقىستاننىڭ ئۆسۈملۈك مېيى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى كارخانىلىرى ئالدى بىلەن خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك. مايلىق ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئۆزىدىلا پىششىقلاپ ئىشلىنىش نىسبىتىنىڭ تەدرىجىي ئېشىشى كەسپىي پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا تەھدىت سالدى ھەم دۆلەت ئىچىدىكى ئۆسۈملۈك مېيى بازىرىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولدى، ئۆسۈملۈك مېيى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى مايلىق زىرائەت ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن مۇۋاپىق سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالاش ئارقىلىق خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىنىشكە كاپالەتلىك قىلىشى، توختامدا مۇۋاپىق سېتىۋېلىش باھاسىدىن سىرت، باشقا بىر قىسىم ئېتىبار شەرتلەر، مەسىلەن مايلىق زىرائەت ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىسى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى سېتىۋېلىشىغا ياردەملىشىش، بىر قىسىم ئۆسۈملۈك مېيىنى ئۇلارغا قايتۇرۇش، قانچىلىك مىقداردا مايلىق زىرائەت ئۇرۇقى بىلەن تەمىنلىسە شۇنچىلىك ماددىي مۇكاپاتلاش قاتارلىقلار بەلگىلىنىشى كېرەك.

قازاقىستاننىڭ ئۆسۈملۈك مېيى بازىرىنىڭ نورمال تەرەققىياتى ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ۋە يار-يۆلەكىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھۆكۈمەت باج ۋە كرېدىت جەھەتتە مەلۇم ئېتىبار سىياسىتىنى قوللانغاندىن سىرت، مۇناسىپ ئىقتىسادىي پىشاڭ ئارقىلىق مايلىق زىرائەت ئۇرۇقىنى زور دەرىجىدە چەكلىشى، ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا ئاشلىق بازىرىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلغان ۋاقىتتىكىدەك، مايلىق زىرائەت ئۇرۇقىنى سېتىۋالغاندا ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئەڭ تۆۋەن كاپالەت باھاسىنى بەلگىلەپ بېرىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمەتتە ئۆسۈملۈك مېيى بازىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەخسۇس لايىھە بولۇشى كېرەك، ئىلگىرى مالايشىيا ئۆز دۆلىتىنىڭ پالما مېي سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش لايىھە تۈزگەن ھەم مۇناسىپ قوللاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ ئۆزىنىڭ پالما مېيى مەھسۇلاتىنى خەلقئارا بازارغا ئېلىپ كىرگەن، نەتىجىدە بىزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان.

دۇنيا ئۆسۈملۈك مېيى بازىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى كەڭ، ئېھتىياجى يۇشۇرۇن كۈچ زور، قازاقىستاننىڭ ئۆسۈملۈك مېيى كەسپىدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر مۇنۇلارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى: قازاقىستاننىڭ ئۆسۈملۈك مېيى مەھسۇلاتىنى خەلقئارا بازارغا ئېلىپ كىرمەكچى بولىدىكەنمىز چوقۇم مايلىق زىرائەت ئۆستۈرۈشنى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئەنئەنىۋى تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم ئەنئەنىۋى بولمىغان، ئۈچكىلىك، تېرىش تېخنىكىسى مۇرەككەپ بولغان مايلىق زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ يېڭى تېپتىكى ئۆسۈملۈك مېيى پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا ئاندىن ئۆز مەھسۇلاتىمىزنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرالايمىز.

غالىپ تۇنىياز ( ت )

# ئاق ئالتۇن ماكانى — ئۆزبېكىستان

ئۆزبېكىستان پەختا ئىشلەپچىقىرىشتا دۇنياغا داڭلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرى. هازىر پاختا ئومۇمى مەھسۇلات مىقدارى دۇنيا بويىچە 5 - ئورۇندا تۇرىدۇ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە ئۆتتىنچى ئورۇندا تۇراتتى) يىللىق ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى تەخمىنەن 1 مىليون 250 مىڭ توننا. ئۇلارنىڭ نىشانى يىللىق ساپ پاختا مەھسۇلات مىقدارىنى 1 مىليون 500 مىڭ توننىدىن بىر مىليون 800 مىڭ تونىغىچە يەتكۈزۈش. ئۆزبېكىستان 2000 نەچچە يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش تارىخىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ «ئاق ئالتۇن دۆلىتى» دېگەن چىرايلىق نامى بار. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 40 مىڭ كۋادىرات كىلومېتىر بولۇپ، كېۋەز تېرىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى 15 مىڭ كۋادىرات كىلومېتىر، ئۆزبېكىستان بويىچە 806 كوللېكتىپ دېھقانچىلىق مەيدانى، 801 كېۋەز تېرىيدىغان ئورۇن بار. هاۋا كىلىماتى تىپىك ئوتتۇرا دېڭىز شەكلىدىكى ماتېرىك خاراكتېرلىك كىلىمات بولۇپ، يىللىق هۆل - يېغىن مىقدارى 350 - 500مىللىمېتىر، هۆل - يېغىن ئاساسەن 11 - ئايدىن كېلەر يىلى 4 -ئايىغىچە بولغان مەزگىلدە كۆپ بولۇپ، ئادەتتە 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە يامغۇر ياغمايدۇ. 10 C تىن يۇقىرى بولغان يىللىق يىغىندى تېمپېراتۇرا 3800 C - 5890 C ، جەنۇبىنىڭ تېمپېراتۇرىسى شىمالىنىڭكىگە قارىغاندا بىر قەدەر يۇقىرى، قىراۋسىز مەزگىلى 200 كۈن ئەتراپىدا بولۇپ، كېۋەز ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق. تۇپرىقى قۇملۇق كۈلرەڭ ئۇيۇراق بولۇپ، شور بېسىپ كەتكەن يەرلەرنىڭ كۆلىمى 30% ئەتراپىدا.

1. ئاساسي تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق كېۋەزچىلىكنى گۈللەندۈرۈش يولىغا مېڭىش.

ئۆزبېكىستان پاختا ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنى تىكلەپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دۆلەت گېربىگىمۇ پاختا بىلەن بۇغدايىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن . ئۇلار پاختا تەتقىقات خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، نۇرغۇنلىغان تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەر پاختا سورتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ، پاختىدىن يۇقىرى هوسۇل ئېلىش، ئاساسىي ياخشىلاش، ئەمەلىي ئاساس ۋە ئەمەلىي تېخنىكىلارنى تەتقىق قىلىشنى چۆرىدەيدۇ، ئۇلاردا مۇكەممەل بولغان پاختا تەتقىقات سىستېمىسى ۋە ئۈسكۈنىلىرى بار. 1997 - يىلى - 1 ئايدا، زوڭتوڭ بۇيرۇق چىقىرىپ ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىك ئىلمى مىنىسترلىكىنى قۇرۇپ چىقىپ، بۇ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك هەر قايسى تەتقىقات ئورۇنلىرىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، پاختىچىلىقنى مۇھىم نۇقتا قىلغان يېزا ئىگىلىك ئاساسى ۋە ئەمەلىي ئاساس تەتقىقاتىنى كۈچەيتتى. 1921 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە، زور كۆلەملىك پاختا سورتىنى يېڭىلاش يەتتە قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. ئۆزبېكىستاندا دۇنيانىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى 37 خىل ياۋا پاختا سورتى ۋە 10 مىڭدىن كۆپرەك پاختا سورتى بار بولۇپ، يۇقىرى هوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، كېسەللىككە قارشى تۇرالايدىغان ۋە بالدۇر پىشىدىغان سورتلارنى يېتىشتۈرۈشتە مۇستەھكەم ئاساس ياراتتى.

ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈردى. ئۇرۇقنى كۆپەيتىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئەينەكلىك لاپاسلارنى ئىشلىتىپ، تېمپېراتۇرا، نەملىك ۋە كۈن نۇرىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا كونترول قىلدى. كېۋەزنىڭ ئۆسۈش ئانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلدى. بىر يىلدا 3 - 4 ئەۋلاد كۆپەيتىپ، يېڭى سورتلارنى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلتۈردى. ئۆزبېكىستان 1991 - يىلى مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى تەرتىپكە سېلىپ، پاختا بىلەن بۇغدايغا تەڭ ئەھمىيەت بەردى. كېۋەزنى ئالماشتۇرۇپ تېرىش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتە ئۆزگىرىش بولدى. پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزبېكىستان ئاھالىلىرىنىڭ يېمەكلىك مېيىنى ئىستېمال قىلىش قانائەتلەندۈرۈلۈپ، پاختا سورتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تېرىشتا چىگىتنىڭ ماي چىقىرىش ئۈنۈمىنى ۋە ماي سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەسىلىسىگە دىققەت قىلدى. پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلگىرىكى ئالماشتۇرۇپ تېرىش شەكلى ئىسلاھ قىلىنىپ، يېڭى ئالماشتۇرۇپ تېرىش ئۇسۇلى ۋە قۇر ئارىلىقىغا تېرىش ئۇسۇلى تەتقىق قىلىندى.

2. تۇپراقنى ياخشىلاپ، يەرنى كۆچلەندۈرۈپ، ئىلمىي ئوغۇتلاش.

ئۆزبېكىستاندا شورلىشىپ كەتكەن ئېتىزلار تېرىلغۇ يەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۆزبېكىستان شورغا قارشى سورتلارنى يېتىشتۈرۈشتىن سىرت، تۇپراقنى ياخشىلاش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. شورلۇق تۇپراقنى ياخشىلاشتا سۇدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى ۋە دېھقانچىلىق، بىئولوگىيىلىك، خىمىيىلىك ئۇسۇللارنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك ياخشىلاش تېخنىكىسىنى قوللىنىدۇ. ھازىر شورلۇق تۇپراقنى ياخشىلاشتا، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇت ۋە دورا زور كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، سۇ ئىشلىتىلىش مىقدارى بىر ھەسسە ئازايدى ۋە 100 گېكتار يەردىن 1750 كىلوگرام پاختا ئېلىنىدىغان بولدى ، شورلۇق يەرلەردە تېرىلغۇ ئېلىپ بارغاندا ، يەرنى 40 - 45 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرغاندىن كېيىن تېرىشنى- باشلىسا شورسىزلاندۇرۇش ئۈنۈمى ياخشى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

يەرنى كۆچلەندۈرۈش ۋە ئىلمىي ئوغۇتلاش پاختىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ ياخشى كاپالىتى. يەرنى كۆچلەندۈرۈش ئاساسەن تېرىش ۋە ئالماشتۇرۇپ تېرىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. تۇپراقنى بوشۇتۇپ، تېيىز ئاغدۇرۇپ تېرىش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىپ ، تۇپراقنى كۈزلۈك ئاغدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ ، ئاغدۇرۇش چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى 30 - 40 سانتىمېتىر بولىدۇ ، يەرگە ئومۇميۈزلۈك ئىشلەش تاماملانغاندىن كېيىن توك ياتقۇزۇلۇپ ، تېرىشتىن بۇرۇن ئورگانىك ئوغۇت بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ، ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارى ئادەتتە يۈز گېكتار يەرگە 15 - 30 توننا بولسا بولىدۇ ،يەر 60 - 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا سايان بىلەن قايتا ئاغدۇرۇلۇپ يۇمشىتىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا تۇپراقنى يۇمشىتىپ نەملىكنى ساقلىغىلى بولىدۇ، بۇ يىلتىزنىڭ ئۆسۈشىگىمۇ پايدىلىق. كېۋەز تېرىلىدىغان يەرلەرنىڭ ئوغۇتلۇق كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېۋەز بىلەن بېدىنى ياكى كېۋەز بىلەن بۇغداينى ئالماشتۇرۇپ تېرىش داۋاملاشتۇرۇلدى، ئومۇملاشتۇرۇلغان بېدە سورتلىرىنىڭ ئۆسۈشى تېز بولۇپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتىدۇ. بۇ، يەرنى كۆچلەندۈرۈش ۋە تۇپراق قاتلىمىنىڭ فىزىكا -

خىمىيىلىك ھالىتىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق. ئۆزبېكىستان تۇپراقلىرىدا فوسفور كەم، كالىي مول، شۇڭا ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاشتىن باشقا فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىپ، ھەر گېكتار يەرنى 200 كىلوگرام فوسفورلۇق ئوغۇت، 200 كىلوگرام ئازوتلۇق ئوغۇت ۋە 100 كىلوگرام كالىيلىق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلايدۇ. ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ئادەتتە كېۋەزلىك قۇر ئارىلىقىنى 20 ـ 30 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ ماشىنا بىلەن ئوغۇتلايدۇ، ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈش باسقۇچىدا ئوغۇتلاش چوڭقۇرلۇقى ۋە ئوغۇت نىسبىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

3. سۇغىرىشقا ئەھمىيەت بېرىش.

ئۆزبېكىستانمۇ سۇ كەم دۆلەت بولغاچقا، سۇنى تېجەشكە ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ، قۇرغاقچىلىققا قارشى سورتلارنى يېتىشتۈرۈشتىن باشقا چۆنەك تارتىپ سۇغىرىش، پۈركۈپ سۇغىرىش ۋە تېمىتىپ سۇغىرىش قاتارلىق ھەر خىل سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدۇ. ھاۋا كىلىمات ۋە كېۋەزنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن سۇغىرىدۇ. كېۋەز ئۆسۈش مەزگىلىدە 4 ـ 5 قېتىم، ئاز بولغاندا ئۈچ قېتىم، كۆپ بولغاندا سەككىز قېتىم سۇغىرىلىدۇ. چۆنەك تارتىپ سۇغىرىش كۆپرەك ئېلىپ بېرىلىپ، ھە 100 گېكتار يەر 800 ـ 900 كۇپ مېتىر سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. ھازىر كېۋەزلىككە تۆشۈك كولاپ سۇغىرىش ئومۇملاشماقتا، كېۋەزلىككە تارتىلغان چۆنەك ئىچىگە ئارىلىقىنى بىر مېتىردىن قويۇپ بىر يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتا تۆشۈك تېشىپ سۇ قاچىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت سۇنىڭ سىڭىشچانلىقىنى ۋە نەملىكنى ئاشۇرۇپ تۇپراقنىڭ نەملىك ھالىتىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت.

4. كېۋەزدىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

ئۆزبېكىستان كېۋەزدىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار مەملىكەت ئىچىدە ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىققان. دۆلەتتە كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش ئىدارىسى، ھەر قايسى رايونلاردا ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش ئەترەتلىرى بار، بۇ ئەترەتلەر كېۋەزدىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش مەركىزىگە دوكلات قىلىدۇ، بۇ مەركەز ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ بىردەك ئالدىنى ئېلىپ داۋالايدۇ. سولىشىپ قۇرۇپ قېلىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئاساسەن كېسەللىككە قارشى سورتلارنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى قوللىنىلىدىغان بولۇپ ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولىدۇ. ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ (ئاساسەن كېۋەز يېتى ۋە غوزا قۇرتى) ئالدىنى ئېلىشتا، بىئولوگىيىلىك ۋە خىمىيىلىك ئالدىنى ئېلىش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ھاشارات كۈشەندىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ كېۋەزلىككە قويۇپ بېرىدۇ. ئۆزبېكىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 760 دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە كۈشەندە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بار، ئۇلار ھەر يىلى تۆت توننا قىزىل كۆز ھەرە، 2 مىليارد 500 مىليون دانە ئالتۇن كۆز ھەرە ۋە 5 مىليارد غوزەك ھەرىسى يېتىشتۈرۈپ كېۋەز پېتى ۋە غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئادەتتە كېۋەز مايسا مەزگىلىدە 1 ـ 2 قېتىم خىمىيىلىك ئالدىنى ئېلىش قوللىنىلىدۇ. ئۆزبېكىستاننىڭ ھەرقايسى

جايلىرىدىكى كېۋەزلىكلەردە كېسەللىك ۋە هاشارات زىيانداشلىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئېگىلىنىشچە، نۇرغۇنلىغان جايلاردا كېسەللىك ۋە هاشارات زىيانداشلىقى ئاپەت خاراكتېرىدە ئېغىر بولۇپ باقمىغان، بۇ بەلكىم ياخشى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت، تېرىش تۈزۈلمىسى ۋە تېرىش ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. (1) مەزكۇر دۆلەت مۇستەقىل بولۇشتىن ئاۋۋال، كېۋەز ئاساسەن بىدە بىلەن ئالماشتۇرۇپ تېرىلاتتى، كېۋەز بىلەن بىدىنىڭ تېرىلىش نىسبىتى 4:1 بولۇپ، زور كۆلەمدىكى بىدىلىكتە كۈشەندە بېقىلىپ، بۇ كۈشەندىلەر كېۋەزگە زىيانلىق هاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى كونترول قىلدى، شۇنداقلا كېسەللىك زىيانداشلىقىنىڭ يامراپ كېتىشىنى ئازايتتى؛ (2) ئۈنۈملۈك تېرىش ئۇسۇلى. پاختا يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن كۈزلۈك ئاغدۇرۇلۇپ ۋە توڭ سېلىنىپ زىيانلىق هاشاراتلارنىڭ قىشتىن ئۆتۈش ئورنى بۇزۇۋېتىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق زىيانلىق هاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ؛ (3) ئۆزبېكىستان ناھايىتى ياخشى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ئىگە . دەل - دەرەخلەر بۈك - باراقسان ، قۇشلار توپ - توپ بولۇپ ، بۇ قۇشلار كېسەللىك هاشاراتلىرىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىنى كونترول قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ؛ (4) كېسەللىك هاشاراتلىرىغا قارشى سورتلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ ، ئۇلاردىكى كېۋەز سورتلىرى پەقەت كېسەللىك هاشاراتلىرىغا قارشىچانلىقى كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇش جەھەتتە پەرقلىق بولۇپ ، كېسەللىك هاشارات زىيانداشلىقىغا تاقابىل تۇرالمايدىغان سورتلار يوق .

5. ماشىنىلاشقان مەشغۇلات دەرىجىسى يۇقىرى

ئۆزبېكىستاندا كېۋەزلىك مەشغۇلاتى كۆپىنچە ماشىنا بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. يۈرۈشلىنىشى، ماشىنىلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى. چوڭقۇر ئاغدۇرلايدىغان ساپان، تىرنا، ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش ماشىنىسى، ئىككى قەۋەتلىك ئوغۇتلاش ماشىنىسى، ئوتتۇراھال ئاغدۇرۇش ماشىنىسى، تومانلاشتۇرۇش چاڭدىتىش ماشىنىسى، پاختا تېرىش ماشىنىسى ۋە باغلاش ماشىنىسى قاتارلىق ئون نەچچە خىل ماشىنا بولۇپ، تېرىشتىن تارتىپ هوسۇل يىغىقچە ماشىنا ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ.

6. ئىنچىكىلىك بىلەن تېرىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش

تېرىشتىن ئاۋۋال كېۋەز تېرىلىدىغان يەرگە ماشىنا ئارقىلىق 45 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئورەك كولاپ، 60 ياكى 90 سانتىمېتىرلىق قىرھاسىل قىلىپ، ئورەك ئىچىگە سۇ قاچىلاپ، قىر تۆپىگە تېرىدۇ. تېرىشتىن ئاۋۋال ئېسىل ئۇرۇق ياخشى تاللىنىپ، ئۇنىڭ ساپلىق دەرىجىسى 97% تىن يۇقىرى بولۇش تەلەپ قىلىنىپ، دورا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلىدۇ. تېرىشتىن ئاۋۋال كېۋەز ئۇرۇقىغا مۇۋاپىق مىقداردا سۇ ئارىلاشتۇرۇلۇپ 12 - 18 سائەت دۈملەپ قويۇلىدۇ. ئادەتتە 100 گېكتار يەرگە 100 كىلوگىرام ئۇرۇق تېرىلىدۇ، بىر تېرىشتىلا مايسىنىڭ تولۇق ئۆسۈپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا مايسا بەلگىلەپ، ھەر گېكتار يەردە 100 مىڭدىن 110مىڭغىچە مايسا قالدۇرۇلىدۇ. مايسا مەزگىلىدە 2 - 3 قېتىم كولتىۋاتسىيە قىلىنىدۇ، كولتىۋاتسىيە قىلىش چوڭقۇرلۇقى 15 - 16 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئادەتتە 4 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىم ئېيىدا تېرىلىپ 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە قىرقىش ماشىنىسى ئارقىلىق كېۋەزنىڭ ئۇچى قىرقىۋېلىنىدۇ. 9 - ئاينىڭ 15

- كۆنلىرى ئەتراپىدا يوپۇرماق چۈشۈرۈپ تېز ئېچىلدۇرۇش دورىسى پۈركۈلىدۇ. %75 ئېچىلغان پاختىسى ماشىنا ئارقىلىق ئىككى قېتىم يىغىۋېلىنىدۇ.

7. سۈپەتلىك سورتلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇرۇق باشقۇرۇش سىستېمىسىنى قۇرۇش

ئۆزبېكىستاندا پاختا دۆلەتنىڭ بىر تۈۋرۈك ئىشلەپچىقىرىشى بولۇپ ...

ئۆزبېكىستاندا پاختا دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋالىدىغان ماددىسى بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھۆكۈمەت ھەر يىلى ھەر قايسى كېۋەزچىلىك مەيدانلىرىغا پاختا ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈرۈپ بېرىدۇ، لېكىن پاختىكارلارنىڭ كېۋەز تېرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن ۋەزىپىدىن ئاشقان مەھسۇلاتنىڭ %50 نى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ ھەمدە پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى ئېتىبار باھادا بېرىدۇ.

ئۇرۇق باشقۇرۇش ۋە يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش. ئۇرۇق باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ھەر قايسى رايونلاردا سۈپەتلىك ۋە تاللانغان ئۇرۇق مەيدانلىرى بار. ئۇلار سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى يېتىشتۈرۈش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە يېڭى سورتلارنى ئومۇملاشتۇرۇشقا مەسئۇل. ھەر قايسى ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئورۇنلىرى يېتىشتۈرگەن يېڭى سورتلار ئالدى بىلەن 2-3 يىل سىناق قىلىنىپ بۇ سورتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تېرىلىش تېخنىكىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئاندىن دۆلەت يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىدىكى ئۇرۇق باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ رايون خاراكتېرلىك تەجرىبە قىلىشقا ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە سۇنۇلىدۇ. بالدۇر، ئوتتۇراھال ۋە كېيىن پىشىدىغان كېۋەز رايونلىرى ھەم ئوخشاش بولمىغان تۇپراققا ئاساسەن ئورۇن بەلگىلەپ، ئومۇملاشقان كۆلىمى ئەڭ زور بولغان سورتلار تېرىلغان ئېتىزلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۈچ يىل تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق بالدۇر پىشىدىغان، سۈپىتى ياخشى، مەھسۇلاتى يۇقىرى، كېسەللىككە قارشىچانلىقى كۈچلۈك، ماشىنا ئارقىلىق ھوسۇل يىغىشقا ماس كېلىدىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ. تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن سورتلار ئەسلىدىكى سورت يېتىشتۈرۈش ئورنىنىڭ نامىدا پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ. نۆۋەتتە، سورت يېتىشتۈرۈش ئورۇنلىرى يېتىشتۈرگەن يېڭى سورتلار دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كۆپەيتىشىگە تاپشۇرۇلىدۇ، سورت يېتىشتۈرۈش ئورۇنلىرى نىسبەتكە ئاساسەن پىرسەنتكە ئايرىيدۇ. يېڭى سورتلار ئۈچ ئەۋلاد يېڭىلىنىدۇ، تۆتىنچى ئەۋلادقا كەلگەندە پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئۇرۇقنى پىششىقلاپ ئىشلەش تەرتىپى چىگىتلىك پاختىنى تازىلاش، چىگىتلىك پاختىنى قۇرۇتۇش، پاختا ئېتىش، ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى بىلەن ئۇرۇق تاللاش، دورا ئارىلاشتۇرۇش، مىقدار بەلگىلەپ ئوراش قاتارلىقلار.(01)

---

بېشى 29 — بەتتە

ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ دۆلەت باشلىقلىرى مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى باشلىقلىرىنىڭ تاشكەنتتىكى بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى ئىقتىسادنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدىكى دوستلۇقنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەشتۇرۇشكە يەنە بىر قېتىم قەدەم قويغانلىقىدا دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (03)

# ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان رايونلارنىڭ بىئو تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالى

ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرى بىئو تېخنىكا تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تەقەززالىقى 1997 - يىلى بېنگال، مىسىر، ھىندونېزىيە، ئىران، مالايشىيا، نىگېرىيە، پاكىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىرلىكتە قۇرغان «ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرىنىڭ G - 7» پىلانى ھەم «ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرىنىڭ 8 - D» پىلانىدا ئەكس ئەتتى.

1. بىئو تېخنولوگىيىنىڭ قۇملىششىنى تىزگىنلەشتىكى ئىشلىتىلىشى

ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرىدىكى قۇملىششىنى تىزگىنلەش، يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان يولغا قويۇلۇۋاتقان «ئالەم تېخنىكا» پىلانىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى. مەزكۇر پىلاندا قۇملىششىنى تىزگىنلەشكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم نۇقتا، شورغا چىداشلىق كۆكتات زىرائەتلىرى، ئاشلىق زىرائەتلىرى، يەم - خەشەك زىرائەتلىرى ۋە يېغلىق ماتېرىيال زىرائەتلىرى قاتارلىق سورتلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

نۆۋەتتە، كاراجى ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن سۈرىيە، ماراكەش، ئىئوردانىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، مىسىر، ئومان، ئىران، قاتار، ئەزەربەيجان، كۇۋەيت، سەئۇدى ئەرەبىستان، سۇدان ۋە بەھرەيىن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پەن تەتقىقات ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدا رايون خاراكتېرلىك ياكى خەلقئارا خاراكتېرلىك بىرلەشمە تەتقىقات قانات يايماقتا. ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرىنىڭ پۇل - مۇئامىلە ئورگانلىرى بىئو تېخنىكىنىڭ ياخشى تەرەققىيات يۆلۈنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىقتىساد جەھەتتىن قوللىماقتا. مەسىلەن: ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى يېقىندا قەرز پۇل تارقىتىشنى قارار قىلىپ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ئابۇدابىدە بىئولوگىيىلىك تۇزلاش دېھقانچىلىق مەركىزىنى قۇرۇشقا ياردەم قىلدى.

2. بىئو تېخنىكىنىڭ يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىشى

مۆلچەرلىنىشچە، بەزى ئىسلام دۆلەتلىرى يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئۆز - ئۆزىنى قامداش سەۋىيىسىگە يېتىشى مۇمكىن. ھازىر، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ئائىلە باقمىچىلىقى، مېۋە ۋە دانلىق زىرائەتلەر ئىشلەپچىقىرىشىنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پىلانىدا مۇھىم تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرىدا يېڭىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان بىئولوگىيىلىك سانائەتتۇر.

زور كۆلەمدە مەبلەغ سېلىنىغانلىقتىن، بۇندىن كېيىن ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرىدىكى ئارتۇق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، مەسىلەن، پەمىدۇر، پىدىگەن، كۆممەقوناق ۋە تاۋۇز قاتارلىقلار ياۋروپا بازارلىرىغا ئېكسپورت قىلىنىشى مۇمكىن. ھازىر ئەرەب

بىرلەشمە خەلىپىلىكى دېگەن باقمىچىلىق مەركىزى، ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلار دېگەنزدا باقمىچىلىق قىلىش مەزكۇر دۆلەتنىڭ يېمەكلىك بايلىقىنى تولۇقلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم تالاش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

سەئۇدى ئەرەبىستان بىر قانچە ئەرەپ دۆلەتلىرىگە ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىگە بۇغداي، خورما، سۈت مەھسۇلاتلىرى ۋە گۈل - گىياھ ئېكسپورت قىلدى. بۇ بىزا ئىگىلىك تەرەققىيات نەتىجىلىرى سەئۇدى ئەرەبىستان 80 - يىللىرى مائىل قاتارلىق جايلاردىكى مۇنبەت يەرلەردە زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى، يۈرگۈزگەنلىكتىن ئېرىشكەن نەتىجىلەردۇر. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، سەئۇدى ئەرەبىستان بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھازىرغىچە پۈتۈن دۇنيا بويىچە 30 نەچچە دۆلەت سەئۇدى ئەرەبىستاندىن بۇغداي ئىمپورت قىلىدۇ. سىناتىستىكىغا قارىغاندا، ئاز دېگەندىمۇ 16 دۆلەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق پىلان مەھكىمىسى ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ بۇغداي ياردەم قىلىشىغا ئېرىشتى.

پاكىستان، ئىران ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئىلغار ئېرسىيەت مەنبەسى پىلانىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىراق بىلەن يەمەنمۇ ئارقىدىنلا ئۆسۈملۈك ئېرسىيەت مەنبەسى پىلانىنى قانات يايدۇردى.

تۈركىيە، ئىران، ئىراق، پاكىستان ۋە يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئۇسۇلىنى قاتتىق قوللىنىپ، ئۇرۇقنى تەكشۈرۈش قانۇنىي تۈزۈمىنى بېكىتىپ، ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئۆسۈملۈك ماتېرىياللىرىدىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ تارقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

3. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشى

1990 - يىلدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى بۇ ھەرىكەت كومىتېتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئالجىرىيە، مىسىر، ئىوردانىيە، ماراكەش، پاكىستان، سۇدان، سۈرىيە، تۇنىس ۋە يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەردىكى پەن تەتقىقات خادىملىرى ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە ئامېرىكا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ بۇ تېخنىكا جەھەتتە كۆپ قېتىم تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇ تېخنىكا، مائارىپ ۋە تەربىيىلەش مەركىزى ئىسرائىلىيىدە بىرنەچچە ئۇنىۋېرسىتېتنى قۇرۇپ پاكىستان ۋە ئەرەپ دۆلەتلىرى ئۈچۈن بۇ تېخنىكا ئالىملىرىنى تەربىيىلەپ بەردى.

بۇنىڭدىن باشقا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق ئۇيۇشمىسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرەققىيات پىلانى مەھكىمىسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سانائەت تەرەققىيات ئۇيۇشمىسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باللار فوندى جەمئىيىتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نوپۇس فوند جەمئىيىتى، خەلقئارا ئېرسىيەت ئىنشائاتى ۋە بۇ تېخنىكا مەركىزى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە دۇنيا سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قاتارلىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە تەرەققىيات تۈرلىرى جەھەتتە ھەمكارلاشتى ياكى ياردەم قىلدى.

مۇرات مەخسۇت ( ت )

# جېزقازغان رەڭلىك مېتال شىركىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

جېزقازغان رەڭلىك مېتال شىركىتى قازاقىستاندىكى شۇنداقلا دۇنيادىكى مىس ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ كارخانىلارنىڭ بىرى. مەزكۇر شىركەتنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 185 مىڭ توننىغا يېتىپ، دۇنيا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 4% نى ئىگىلەيدۇ. 1995 ـ يىلى كورىيىنىڭ ئۈچ يۇلتۇز گۇرۇھى بۇ شىركەتنىڭ 40% پاي چېكىنى سېتىۋالدى. كېلىشىمدىكى ماددىلارغا ئاساسەن، جېزقازغان رەڭلىك مېتال شىركىتى بۇندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى يىغىپ، شىركەتكە مەبلەغ سالىدۇ.

جېزقازغان رەڭلىك مېتال شىركىتىنىڭ كان ياتمىلىرى ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە گەۋدىسى ۋە مېتال تاۋلاش زاۋۇتى بار بولۇپ، تاۋلانغان مىسنى بىۋاستە پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرالايدۇ. بۇ شىركەت ئىشلىگەن مىس كورىيىنىڭ ئۈچ يۇلتۇز شىركىتى ئارقىلىق سېتىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە سېتىش تورى شەكىللىنىپ، 85% تىن كۆپرەك مەھسۇلات چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

مىس ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، ئاز مىقداردىكى ئالتۇن، ئالىيۇمىن ۋە سىنك قاتارلىق قىممەتلىك مېتاللارنى ئايرىۋالغىلى ۋە سۇلفات كىسلاتاسى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ.

بۇ شىركەتنىڭ كانلىرى كۆپىنچە يەر ئاستىغا جايلاشقان، مېتال تاۋلاش ئىشلەپچىقىرىشى ئۈستى ئوچۇق جايلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. جېزقازغان شەھرىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە مېتال تاۋلاش بىرلەشمە گەۋدىسى بار، ئۇلار تۆت مېتال تاۋلاش تارماق زاۋۇتى ۋە ئالتە كاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىس كاننىڭ ئومۇمىي زاپاس مىقدارى تەخمىنەن 9 مىليون توننىغا يېتىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە جېزقازغاندىكى ئەڭ چوڭ كاندىكى تۆتتىن ئۈچ قىسىم رۇدا زاپىسىنىڭ ئوتتۇرىچە دەرىجىسى 1.12%، ئالتە كاندىكى كۈمۈشنىڭ ئوتتۇرىچە دەرىجىسى بىر تونىنىڭ 16 گرام.

بۇ شىركەتنىڭ ئىككى مېتال تاۋلاش زاۋۇتى بار بولۇپ، بىرى جېزقازغان شەھرىگە، يەنە بىرى ساتپايېۋ بازىرىغا جايلاشقان، ئۇلارنىڭ رۇدا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى يىلىغا 22 مىليون توننىغا يېتىدۇ، مەھسۇلاتنىڭ كۆپ قىسمى جېزقازغان مېتال تاۋلاش زاۋۇتىدىن چىقىدۇ. مېتال تاۋلاش ئىشلەپچىقىرىشى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە مۇھتاج، ئېلېكتر كۈچى بىلەن بىخەتەر تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۈچ يۇلتۇز شىركىتى قاراغاندا ئوبلاستىدىكى بىر ئېلېكتر ئىستانسىنى سېتىۋالدى.

جېزقازغان رەڭلىك مېتال شىركىتىنىڭ ئامباردا ساقلانغان مەھسۇلات مىقدارى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، ئادەتتە پەقەت يەتتە كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتىلا ساقلىنىدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، مەزكۇر شىركەتنىڭ سېتىش ئەھۋالىنىڭ ناچارلىشىشىغا سەۋەپ بولدى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردىكى سېتىش بازارلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ھەم شۇنداق (1996 ـ يىلى شىركەت مىس مەھسۇلاتىنى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلالمىدى)، ئۈچ يۇلتۇز شىركىتى مەبلەغ سېلىپ، ئاكتىپ باشقۇرغاندىن

كېيىن، مەيلى ئىشلەپچىقىرىش ياكى سېتىشتا بولسۇن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ياخشىلىنىش بولدى. سېتىش مىقدارى 1995 - يىلدىكى 132 مىڭ توننىدىن ئېشىپ، 1997 - يىلىنىڭ ئالدىنقى ئالتە ئېيىدا 100 مىڭ توننىغا يېتىپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى سەۋىيىگە يەتتى.

قازاقىستاننىڭ ئىككىنچى چوڭ مىس ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بالقاش مىس تاۋلاش بىرلەشمە كارخانىسى بولۇپ، بۇ كارخانىنىمۇ 1998 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈچ يۇلتۇز شىركىتى سېتىۋالدى.

جېزقازغان رەڭلىك مېتال شىركىتى ھەر يىلى 500 مىليون تەڭگە ئاجرىتىپ شىركەتنىڭ نورمال ئايلىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ھازىر بۇ شىركەتنىڭ سۇلفات كىسلاتاسى زاۋۇتى ۋە مېتال تاۋلاش زاۋۇتى 604 مىليون تەڭگە مەبلەغكە ئېھتىياجلىق.

ئۈچ يۇلتۇز شىركىتى بۇندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى شىركەت تەرەققىياتى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشقا ۋەدە بەردى. بۇ بەزى ماددىي بويۇملار بىلەن تەمىنلەش ۋە باشقا سېلىنمىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1997 - يىلى 32 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ، شىركەتنىڭ قازمىچىلىقىنى زور كۆلەمدە ئۆزگەرتىپ قۇردى، 1998 - ۋە 1999 - يىللىرى 83 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 88 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغىچە مەبلەغ سېلىش، كۆپىنچە (تەخمىنەن 55%) قازمىچىلىققا بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش، قالغان (تەخمىنەن 17%) مەبلەغنى ئۇنۇملۇك پىششىقلاپ ئىشلەش سېخىغا بىۋاسىتە ئىشلىتىش پىلانلاندى.

شىركەت يەنە مۇئەييەن كۈچ ئاجرىتىپ مۇھىت ئاسراشنى كۈچەيتىپ، بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 171 توننىغا يېتىدىغان چاڭ - توزان تازىلاش قۇرۇلمىسىنى ئورناتتى. شۇنداقلا سۇلفات كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىشتا چىقىدىغان كېرەكسىز گاز ۋە كېرەكسىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئومۇمەن، مېتال تاۋلاشتا ۋە پار قازاندىن چىقىدىغان كېرەكسىز ماددىلارنى بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ زىيانلىق ماددىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتموسفېرا قاتلىمىغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.(01)

# ئومان دۆلىتى قازاقىستاننىڭ يېڭى پايتەختى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەم بەردى

1998 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قازاقىستاننىڭ ئومان ۋە باغداتتا تۇرۇشلۇق بىرلەشمە ئەلچىسى ئامېرىيۇ ماسكات شەھىرىدە ئومان سۇلتانى قابۇس ئىبىن سەئىدگە دۆلەت مەكتۇبى سۇندى. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، سۇلتان قابۇس ئەلچىنى قوبۇل قىلغاندا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ ئىستىقبالى ۋە كونكرېت نىشانى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى، سۇلتان قابۇس يەنە ئۇنىڭلارنى بىلدۈردى: ئىككى دۆلەت ھەمكارلىشىشتا يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە، بۇ خىل ھەمكارلىق ئىككى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئۇ چوقۇم ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ. سۇلتان قابۇس پرېزىدېنت نەزەربايېۋنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قازاقىستاننىڭ يېڭى پايتەخت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تۆلەمسىز مالىيە ياردىمى بېرىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.(02)

# رۇسىيىدىكى سېلىنغان مەبلەغنىڭ قايتىپ كېلىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان بىر قانچە خىل كەسىپ

مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 2005 - يىلغىچە بارغاندا رۇسىيە ياۋروپا بويىچە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ئەڭ تېز بولىدىغان رايونغا ئايلىنىپ، كۆپلىگەن شىرىكلەشكەن كارخانىلار بارلىققا كېلىدىكەن. تاشقى كاپىتالنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، رۇسىيە ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ مەبلەغنىڭ قايتىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكتە. گەرچە غەرب ئەللىرى رۇسىيىنىڭ ئىقتىسادى مۇقىم ئەمەس دەپ تەشۋىش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، 1996 - يىلىدىن بۇيان، رۇسىيىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ قايتىش ئۈنۈمى نىسبەتەن يۇقىرى بولدى. 1997 - يىلى رۇسىيە دۇنيا بويىچە مەبلەغنىڭ قايتىش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولغان بەش رايوننىڭ بىرى بولۇپ قالدى. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان چەت ئەلنىڭ ئون فوندى جەمئىيىتىنىڭ رۇسىيىگە سالغان مەبلىغىنىڭ قايتىش نىسبىتى 141.86% بولغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەبلەغ قايتىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى Signeet New Markets باشقۇرغان 15 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قايتىش نىسبىتى 273.15% كە يەتكەن.

ئورمان سانائەت مەبلىغى كەم فىنلاندىيە ياكبوئىل مەسلىھەت بېرىش شىركىتىنىڭ لىدېرى پىخرايەمەيكى، رۇسىيىنىڭ ئورمان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ۋە ئورمان كېسىش تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى جەھەتتە سېلىنىدىغان مەبلەغ ئېھتىياجى ناھايىتى زور بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. 20 يىلدىن بۇيان، مەبلەغ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن پۈتۈن مەملىكەتتە يېڭى قەغەز ئىشلەپچىقىرىش ياكى قەغەز بوتقىسى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قۇرۇلمىدى. ياكبوئىل شىركىتى دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەسلىھەت بېرىش شىركىتىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت خەلقئارا ئورمان سانائەت تۈرلىرى بويىچە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، 1997 - يىلى تىجارەت سوممىسى 100 مىليوندىن كۆپ فىنلاندىيە ماركىغا يەتكەن.

لىدېر پىخرايەمەيكى، رۇسىيىنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن بولۇپ، يىللىق شال ئىشلەپچىقىرىشى 20 مىليون كۇب مېتىر ئىكەنلىكىنى، بۇ فىنلاندىيە مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. قەغەز ۋە قەغەز تاختىسى سانائىتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى پەقەت فىنلاندىيە مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا تەڭ كېلىدۇ. ياغاچ ماتېرىياللىرىنى كېسىش مىقدارىمۇ جىددىي تۆۋەنلىگەن بولۇپ، 70 - 80 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالدى، بۇ پەقەت ئون يىلدىن ئاۋۋالقى مىقدارىنىڭ 20% — 30% تى ھېسابلىنىدۇ. 1997 - يىلى ھەرە قىرىندىسىدا، قەغەز ۋە قەغەز تاختا ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە قايتىپ، ئېكسپورت مىقدارى بىر قەدەر ئاشتى. فىنلاندىيە رۇسىيە

باغچىنىڭ ئەڭ چوڭ خېرىدارى بولۇپ، 1996 ـ يىلى رۇسىيەدىن 5 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر ياغاچ ئىمپورت قىلدى، ئۇنىڭدىن قالسا ياپونىيە بولۇپ، ياپونىيە رۇسىيەدىن 5 مىليون 700مىڭ كۇب مېتىر ياغاچ ئىمپورت قىلغان .

پېخرايىمەيكى رۇسىيە ئورمانچىلىق سانائەت كارخانىسى هازىر يۈزلىنىۋاتقان ئېغىر مەسىلە مەبلەغ يېتىشمەسلىك ۋە تېخنىكا ئۈسكۈنىلەرنىڭ كونىراپ كېتىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

چەت ئەللەردە مەبلەغ سېلىشتىكى ئاساسلىق توسالغۇ باج يىغىش، ئاساسىي قانۇن تولۇق بولماسلىق ۋە بيۇروكراتلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا، مەركەز بىلەن يەرلىك هۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى پايدا ـ زىيان رىقابىتىمۇ چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا هەر دائىم ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار، يىراقنى نەزەردە تۇتقاندا، رۇسىيەنىڭ ئورمانچىلىق سانائىتىگە مەبلەغ سېلىشنى ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارايدۇ. دۇنيادىكى 60% يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان بايلىقى رۇسىيەدە، ئەمگەك كۈچى تەننەرخى رىقابەت كۈچىگە ئىگە، شۇڭا ئىقتىساد ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

### خىمىيە سانائىتى زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتىشكە ئېهتىياجلىق

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 1991 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلىگەندىن كېيىن، هازىر رۇسىيە خىمىيە سانائىتى ئاز ساندىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قايتا ئۆرلىشىنى توسايدىغان تارماقلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاممىياك مەهسۇلات مىقدارى 1997 ـ يىلى 15 مىليون توننىغا يېتىپ، ئۇدا ئىككى يىل ئاشتى.

هازىر، رۇسىيەدىكى 92.4% ئاممىياك ۋە 80% ئاممىياكلىق ئوغۇتنى دۆلەت ئىچىدىكى 20 خىمىيە شىركىتى، قالغىنىنى باشقا نېفىت ـ خىمىيە ۋە مېتاللورگىيە تارماقلىرى ئىشلەپچىقىرىدۇ. مەهسۇلات ئېكسپورت قىلىش ئىستىقبالى ياخشى بولغانلىقتىن، رۇسىيە چوڭ خىمىيە شىركىتى زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاشۇردى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، رۇسىيەنىڭ ئازوتلۇق ئوغۇت ئېكسپورت قىلىش مىقدارى ئېشىپ ئومۇمىي مەهسۇلات مىقدارىنىڭ 70% گە، ئاممونىي نىترات ئومۇمىي مەهسۇلات مىقدارىنىڭ 50% گە، ئاممىياك 40% كە يەتكەن. بۇ مەهسۇلاتلار ئاساسەن جۇڭگو، هىندىستان، ئۇنىڭدىن قالسا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ياۋروپا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىلارغا ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

### شال مەهسۇلاتى تۆۋەن، يېزا ئىگىلىكى مەبلەغ سېلىشقا ئېهتىياجلىق

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ 1997 ـ يىلىدىكى شال ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1 مىليون 59 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 1996 ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا 121 مىڭ 100 توننا ئازىيىپ كەتكەن.

1990 ـ يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ 1997 ـ يىلىدىكى شال مەهسۇلات مىقدارى 54% تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆۋەنلەش دەرىجىسى ئەڭ زور بولغىنى رۇسىيە بولۇپ 896 مىڭ توننىدىن 328 مىڭ توننىغا

چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭدىن قالسا قازاقىستاننىڭ 579 مىڭ توننىدىن 258 مىڭ تونناغا، ئۆزبېكىستاننىڭ 503 مىڭ توننىدىن 394 مىڭ تونناغا، ئۇكرائىنانىڭ 117 مىڭ توننىدىن 65 مىڭ تونناغا چۈشۈپ قالدى.

1997 ـ يىلدىكى بىلەن 1996 ـ يىلدىكىنى سېلىشتۇرغاندا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى شال ئىشلەپچىقىرىدىغان سەككىز دۆلەتنىڭ ئىچىدە پەقەت قىرغىزىستان بىلەن قازاقىستاننىڭلا شال مەھسۇلات مىقدارى بىر قەدەر ئاشتى، يەنى قىرغىزىستاننىڭ 11 مىڭ توننىدىن 13 مىڭ تونناغا، قازاقىستاننىڭ 226 مىڭ توننىدىن 258 مىڭ تونناغا كۆپەيدى.

بۇ ستاتىستىكا كومىتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردىكى شال مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى شال تېرىلىدىغان يەرلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى (1990 ـ يىلدىكى 620 مىڭ گېكتار يەردىن 1997 ـ يىلغا كەلگەندە 504 مىڭ گېكتار يەر قالغان) بىلەن بىرلىك مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى كەلتۈرۈپ چىقاردى دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە، شال مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر يېقىنقى 2 ـ 3 يىل ئىچىدە 200 مىڭ تونناغا يېقىن گۈرۈچ ئىمپورت قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، رۇسىيە ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ 1998 ـ يىلدىكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا پۇل ئاجرىتىشىنى مۇراجىئەت قىلدى. رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، يېزا ئىگىلىك ۋە يېمەكلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى خىلستوۋ 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ناۋادا رايون (ۋىلايەت) دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنى مالىيە جەھەتتىن قوللىشى بولمىسا، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمايدۇ دېدى.

رۇسىيىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرى يۈزلىنىۋاتقان جىددىي ۋەزىيەتكە قارىتا، يېزا ئىگىلىك ۋە يېمەكلىك مىنىستىرلىكى 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مەخسۇس تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، خىلستوۋ يىغىندا ھەر قايسى رايونلارنىڭ رەھبەرلىرى يەرلىك خام چوتتىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىغا پۇل ئاجرىتىپ، يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان يېقىلغۇ ماتېرىيالى، سىلىقلاش مېيى، ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ زاپچاسلىرى ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارغا ئېرىشىشكە ياردەم قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى.

يېزا ئىگىلىك ۋە يېمەكلىك مىنىستىرلىكى تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تاماملاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئۈسكۈنىلىرى ئېغىر دەرىجىدە كەم بولۇپ، پەقەت تراكتورنىڭ كەملىكىلا %30 كە يېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا 300 مىڭغا يېقىن تراكتور، 150 مىڭ ئاپتوموبىل مەبلەغ كەملىكىدىن رېمونت قىلىنماي تۇرماقتا.

خىلستوۋ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بارمىسا، رۇسىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى جىددىي ۋەزىيەتكە قاراپ يۈزلىنىدۇ دېدى.

تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈپ، مىللىي سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

ئامېرىكا «كۈندىلىك سودا گېزىتى» دە خەۋەر قىلىنىشىچە، رۇسىيە تاشقى سودا

# چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ تۈركمەنىستاندىكى رولى

تۈركمەنىستاندىكى مەلۇم بىر گېزىتنىڭ باش ماقالىسىدا ئېيتىلىشىچە، تۈركمەنىستان دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ مەبلەغ سالغۇچى دۆلەت بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ چەت ئەللىكلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭ ئىكەن. دەرۋەقە، تۈركمەنىستاننىڭ ئۇكرائىنا، گرۇزىيە ۋە ئەزەربەيجانغا سالغان ئىقتىسادىي مەبلىغى بىر مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. 1994 - ۋە 1995 - يىللىرى، تۈركمەنىستان يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ دۆلەتلەرگە تەبىئىي گاز يەتكۈزۈپ بېرىپ قايتۇرۇۋالالمىغان قەرزلەر مەبلەغ قىلىپ سېلىنغان. ئەمما ماقالىدا تۆۋەندىكى پاكىتلار يەنە تۈركمەنىستاندىمۇ كۆپ مىقداردا چەت ئەل مەبلىغى كەمچىل ئىكەنلىكى، تەخمىنەن بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا چەت ئەل مەبلىغى زۆرۈرلىكى تىلغا ئېلىنمىغان.

تەبىئىي گاز سېتىۋالغۇچى دۆلەتلەر ئۇزۇن مەزگىلگىچە قەرزىنى قايتۇرالمىغاچقا، تۈركمەنىستان 1997 - يىلى قىلچە پايدىسى بولمىغان تەبىئىي گاز ئاققۇزۇش تۇرۇبىسىنى ئېتىۋەتتى. تۈركمەنىستان تەبىئىي گاز ساقلاشتا دۇنيا بويىچە 5 - ئورۇندا تۇرىدۇ. دەسلەپكى مەزگىللەردە تەبىئىي گاز بىلەن ئامېرىكا دوللىرى ئالماشتۇرۇش دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ئىدى، ھازىر بولسا ھۆكۈمەت يېڭى مەبلەغ سېلىش مەنبەسىنى تېپىپ چىقىپ، خەلق ئىگىلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان زور مىقداردىكى رېمونت قىلىن

---

مىنىستىرلىكى دۇنيا سودا تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا پۇل فوند تەشكىلاتىغا زور تۈركۈمدىكى تاۋارلارنىڭ رۇسىيە بازارلىرىغا كىرىش سەۋەبىدىن رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىر قىسىم تاۋارلارنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ تاشقى كاپىتالنى جەلپ قىلىپ، مىللىي سانائەت يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

رۇسىيىدىكى رەھبەرلەر رۇسىيە رىقابەتكە ئېھتىياجلىق، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن بازارنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ، لېكىن بىر قىسىم دۆلەت ئىچكىدىكى سانائەتكە نىسبەتەن زور مىقداردا ئىمپورت قىلىش، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بۇرغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى رەرىبە ئېلىپ كېلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، تامۇژنا بېجى ئالالاش خاراكتېرىدە ئۆستۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھازىر رۇسىيىنىڭ تامۇژنا ئوتتۇرىچە بېجى 14% بولماقتا.

لېكىن، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى رۇسىيىنىڭ بۇ پىلانىغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ، مەزكۇر ئورۇننىڭ ئىجرائىيە لىدېرى كوندىسۇ يېقىندا رۇسىيىنىڭ تامۇژنا باج قورغانىنى تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رۇسىيىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىسى چۇباش بۇ تەلەپنى رەت قىلدى. چۈنكى رۇسىيە ھۆكۈمىتى خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى تايلاند، كورېيە ۋە ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىش پىلانى ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەندە قارشى تەرەپنىڭ تامۇژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلىشنى ئالماشتۇرۇش شەرتى ئورنىدا ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقىنى ئاساس قىلىدۇ. (01)

ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش زۆرۈر بولۇپ قالدى، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات قۇرۇلۇشلىرىنىڭ چەت ئەل مەبلىغىگە بولغان ئېھتىياجى بارغانسېرى ئېشىپ كەتتى، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، مۇستەقىل بولغان 6 يىل مابەينىدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. دەسلەپتە دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىش سىياستى پىششىقلاپ ئىشلەش ساناڭىتىگە مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن پىششىقلاپ ئىشلەش ساناڭىتى جەھەتتە مەبلەغنىڭ كەمچىل بولۇشى چەكلەنگەن نېفىت، ۋە نېفىت ـ خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. قاتناش ترانسپورت، تېلېۋىزور ئالاقىسى ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ زور مىقداردىكى مەبلەغكە ئېھتىياجلىق، ھالبۇكى پۇل مۇئامىلە كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن مەبلەغ بولسا ئاساسلىق كارخانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى مەبلىغى ۋە تاشقى كرېدىتتىن ئىبارەت. بۇ قەرزلەر 1991 ـ يىلى دۆلەت سالغان بارلىق مەبلەغنىڭ 29.9% نى ئىگىلىگەندى، 1995 ـ يىلى بولسا 55.5% كە يەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ ستاتىستىكا رەقەملىرى شۇنى بىلدۈرىدىكى، مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى 5 يىل ئىچىدە چەت ئەللەر سالغان مەبلەغ 622 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن، بەقەت 1992 ـ يىلى ئىمزالانغان توختامدىلا تۈركمەنىستاننىڭ بېشىر شەھىرى نېفىت چەكلەش ئۈسكۈنىلىرى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدە مەبلەغ سالغان.

1992 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە چەت ئەل مەبلىغى 8 ـ 10 ھەسسە ئاشتى، 4 يىل ئىچىدە 18 دۆلەتتىن كەلگەن قۇرۇلۇش شىركەتلىرى 123 بىنا ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت مۇئەسسەسەلىرىنى قۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە 43 ى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشقا ئىشلىتىلگەن يەنى پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىن 6 سى، ئېگىرىش فابرىكىسىدىن 6 سى، خىش زاۋۇتىدىن 6 سى بار. قاتناش ترانسپورت جەھەتتە بولسا ئاساسلىقى ئاشخاباد ئايرودرومىنىڭ 1600 ئادەمنى سىغدۇرالايدىغان كۈتۈش ئۆيىنى قۇرۇپ بەردى. تۈركىيە، پاكىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ھىندىستان، لوندون، بىرمىڭھېم ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرگىچە ئېچىلغان ئۇچۇش لىنىيىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرقتىكى دۆلەتلەرنى ئۆزئارا باغلىدى. 1992 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە چەت ئەل مەبلىغىنىڭ سېلىنىشى بىۋاستە مەبلەغ سېلىش ۋە خام ئەشيا ئالماشتۇرۇش، مەسىلەن، نېفىت، نېفىت مەھسۇلاتلىرى ۋە تەبىئىي گاز قاتارلىقلارنى ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىلىرىنى شەكىللەندۈردى، بۇ مەزگىلدە سېلىنغان مەبلەغ يېتەرسىز بولغانلىقتىن كەسپىي ۋەزىيەت ئېغىر دەرىجىدە ناچارلىشىپ، ئېتتىۋېلىپ نېفىت چىقىرىش توختىتىلغان قۇدۇقلار 70% تىن ئېشىپ كەتتى. تۈركمەنىستاندا گەرچە زور مىقداردىكى كاربوگىدرات بايلىقى بولۇپ، تەبىئىي گاز مىقدارى 21 مىليون كۇب مېتىردىن، خام نېفىت مىقدارى 6 مىليارد 800 مىليون توننىدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بايلىقلارنى ھازىرچە قېزىپ چىقىرالمايدۇ ھەم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئېھتىياجلىق بولغان خەلقئارا بازار ۋە قوشنا دۆلەتلەرگە يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ، شۇڭا نېفىت ئاققۇزۇش ۋە تەبىئىي گاز يوللاش

تۇرۇبىلىرى تۈركمەنىستاننىڭ مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم تۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1997 ـ يىلى ئىشقا ئاشۇرۇلغان تۈرلەر 50 مىڭ توننا ئالىيۇمىن (450 مىليون ئامېرىكا دوللىرى)، ئاخباد ئايرودرومىنىڭ 400 تونىنلىق توشۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئۇچۇش لىنىيىسى، 8 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز (190 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) ۋە تۈركمەنىستاندىن ئىرانغىچە بولغان گاز يوللاش تۇرۇبىسىدىن ئىبارەت. قىسقىسى، تۈركمەنىستان پرېزىدېنتى نىيازوۋنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، يېقىنقى يىللاردا 12 ـ 15 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ تۈركمەنىستان سانائىتىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانلىنىۋاتىدۇ. تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەبلەغ سېلىش پىلانى ئۇستىدە توختالغاندا، پرېزىدېنت نېفىت قېزىشقا بولۇپمۇ كاسپىي دېڭىزى نېفىت زاپىسىنى ئېچىشقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. 1997 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتى كاسپىي دېڭىزىنىڭ قۇرۇقلۇق بوسۇغىسىدىكى كاربوگىدرات بايلىقىنى ئېچىش تۈركمەنىستاننىڭ ئاساسلىق خەلقئارا خېرىدار چاقىرىش تۈرى ئىكەنلىكىنى، غەلىبە قىلغۇچىنى 1998 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئېلان قىلىدىغانلىقىنى، تۈنجى قېتىملىق دېڭىز ئاستى نېفىتلىكىگە سېلىنىدىغان تۈرنىڭ كېيىنكى يىلى باشلىنىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. نېفىت ـ تەبىئىي گاز مىنىستىرلىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىچە، دېڭىز ئاستى نېفىت ـ تەبىئىي گاز بايلىقىنى ئېچىشقا تەخمىنەن 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ يەردىن 3 مىليارد 400 مىليون توننا خام نېفىت قېزىۋېلىشقا بولىدىكەن. ھازىر كېيىنكى بەش يىلدا غەربىي قىسمىدىكى ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ھەم شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى نېفىتلىكنى ئېچىش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش پىلانلىنىۋاتىدۇ. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، گاز يوللاش تۇرۇبىسى تۈرى پىلانغا كىرگۈزۈلۈپ تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گېزىنى ئافغانىستان ئارقىلىق پاكىستان ۋە ھىندىستانغا يوللاشقا ئۈمىد باغلاندى.

چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، تەبىئىي گاز بولسا ئۇلارنىڭ تۈركمەنىستاندا يېقىنقى ۋە نۆۋەتتىكى مەبلەغ سېلىشنى باخشى كۆرىدىغان تۈرى ئىكەن. بۇ تۈرنىڭ مەغلەغ سېلىش ئۈنۈمى يۇقىرى، پايدىسى چوڭ بولۇپ چەت ئەل مەبلەغنى قوغداش تەدبىرلىرى كۆپ. باشقا ئىقتىسادىي ساھەلەر تېخىچە قانۇن چىقىرىش ئاساسىنى ھازىرلىمىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى تېز، مەبلەغ سېلىش خەتىرى ئىنتايىن چوڭ، ئىشەنچلىك دەرىجىسىمۇ يۇقىرى ئەمەس. نۆۋەتتە تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتى مەزكۇر ساھەدىكى تۈرلەرنى قىسقارتىشنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. بىر تۈرلۈك «يۈز كۈنلۈك قۇرۇلۇش» دەپ ئاتالغان بازار ئىسلاھاتى قۇرۇلۇشى 1997 ـ يىلى 4 ـ ئايدا باشلاندى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئېچىش پىلانلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ باسقۇچتا چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، ئاكسىيە بازارلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، چەت ئەل مەبلەغىنى جەلپ قىلىش ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىش يوللىرىنى ئېچىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئارزىگۈل ئابدۇراخمان ( ت )

# ئىلغار تېخنىكا قازاقىستان نېفىتنى خەلقئاراغا تېز يۈزلەندۈردى

ئۆتكەنكى ئىككى يىل جەريانىدا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قازغان نېفىت تۇراقلىق بولدى. 1996 ـ يىلى قازغان نېفىت مىقدارى 22 مىليون 700 مىڭ توننا بولۇپ، 1993 ـ يىلدىكى سەۋىيىگە يەتكەن. بىراق بۇ مەزگىلدە نېفىتنىڭ ئېكسپورت مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتكەن ئىدى. ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى دەپ قارالغان 1990 ـ يىلدىكى ئېكسپورت مىقدارى 21 مىليون 100 مىڭ توننا بولۇپ، 1996 ـ يىلى ئەكسىچە ئومۇمىي ئېكسپورت مىقدارى پەقەت 12 مىليون 300 مىڭ توننا بولۇپ قالغان. بۇ بىر قىسىم سودا بازارلىرىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقنىڭ ئىپادىسى. بۇ خىل ھالەتنى ۋاقتىنچە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ دېيىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت نېفىت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، ئېكولوگىيىلىك ئۆلچەمگە ماسلىشىشتەك ئەھۋال ئاستىدا نېفىتنىڭ خەلقئارا بازارلاردىكى رىقابەتلىشىش قابىلىيىتىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان چارە تەدبىرلەرنى ئېنىق بەلگىلەش كېرەك.

دەسلەپتە گېئونومىيە ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان چارلاش بولسا نېفىتكە موناسىۋەتلىك بارلىق خىزمەتلەر ئىچىدە سەرپىياتى ئەڭ ئاز بولۇپ، بۇرغىلاش ئەمگەك كۈچى ئەڭ كۆپ سەرپ بولىدىغان خىزمەت ئىدى. دېڭىز ئوكيان ۋە چوڭ قۇرۇقلۇق بوسۇغىسى ئەھۋالى ئاستىدا بۇرغىلاپ چارلاش ئېلىپ بېرىش، بىزنىڭ شارائىتىمىزغا ئاساسەن قازاقىستان دائىرىسىدىكى كاسپى دېڭىزى سۇ يۈزىدە يەر ئاستى بايلىقىنى ئېچىش خىراجىتى ھەسسىلەپ كۆپەيمەكتە. مەسىلەن، ئەزەربەيجان نېفىت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئېلان قىلغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، كاسپى دېڭىزى سۇ يۈزىگە بۇرغىلاش سۇپىسى قۇرۇش ئۈچۈن كېتىدىغان سەرپىيات بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولىدىكەن.

بىز نېفىت ئېچىشتا زامانىۋى تېخنىكىغا مۇھتاج. بىزنىڭ كۈتىدىغىنىمىز ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قۇدۇق ئاغزىدىن قۇدۇق ئاستىغىچە دىئامېتىرى بىر مېتىر بولغان بۇرغا ئورنىتىپ قېزىپ بولغاندىن كېيىن ئاددىغىنە ئېچىش تۇرۇبىسى ئىشلىتىش. ئۇنداق بولمىغاندا كۆپ مىقداردىكى ماددىي مەبلەغ، ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە ۋاقىتنى تېجىگىلى بولمايدۇ. ھازىر بۇ خىل نېفىت قېزىش تەلىۋىگە ئويغۇن كېلىدىغان تېخنىكا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ رۇسىيە دائىرىسىدە يۈزدىن ئارتۇق نېفىت قۇدۇقى ئۈچۈن بۇرغىلاپ چارلاش ئېلىپ بېرىلماقتا.

رۇسىيىلىك مەشھۇر كەشپىياتچى م. سېفروۋېم ئوتتۇرىغا قويغان راكېتا تېخنىكىسىغا ئىگە بۇرغىلاش ئۈسكۈنىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەر قانداق گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىدە بۇرغىلاش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ دېگەن تەشەببۇسى دۇنيا بويىچە ناھايىتى دانا پىكىر بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ماھىيىتى: مەشغۇلات جىنس باشلانغان يەرگە تۇتاشتۇرۇلغان پۈركۈگۈچ پۈركۈپ چىققان گاز ئېقىمى ئارقىلىق ئېرىتىش، چىرىتىش ۋە چۇرۇكلىتىپ قېزىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، دۇچ كەلگەن ماددىلارنى قېزىپ ئۆتۈشنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇش. ئەنئەنىۋى بۇرغىلاش ئۇسۇلىغا سېلىشتۇرغاندا راكېتا تېخنىكىسىغا ئىگە بۇرغىلاش ئۇسكۇنىسىنىڭ كوئېففىتسېنتى جەھەتتە 5 ـ 12 گىچە دەپ بېكىتىلگەن. مۇھىمى بۇرغىلاش باشلانغاندىن تارتىپ قۇدۇقنىڭ تۈۋىگىچە دىئامېتىرى بىردەك بولۇشى كېرەك.

سودا بازارلىرىدا رىقابەتلىشىش كۈچىنىڭ ئاساسلىق ئامىلى بولغان نېفت ۋە نېفت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ نېفت ئېچىش تەشكىلاتلىرىنىڭ كەلگۈسىدە مېخانىكىلىق بۇرغىلاش بىلەن راكېتا تىپلىق بۇرغىلاشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلىشى كېرەك. «ژېيلاۋ» ھەسسىدارلىق شىركىتى رۇسىيىنىڭ راكېتا تېخنىكىسىنى لايىھىلەش خادىمى بىلەن بىرلىكتە بۇ جەھەتتە تەپسىلىي خىزمەت ئىلىپ بېرىشقا تەييارلىق كۆردى.

قازاقىستاننىڭ نېفتى ئاساسەن يېپىشقاق، قويۇق ۋە ئېغىر تىپتا تەۋە بولغانلىقتىن، ماي چىقىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، بەلگىلەنگەن نېفت زاپىسىنىڭ 20% - 30% ىنىلا ئىگىلەيدۇ. ئامېرىكىدا بۇ نۇردىكى كۆرسەتكۈچ 55% - 60% كە يەتكەن. نېفتتىن ماي چىقىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى نېفتنىڭ تەننەرخىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، بۇنداق بولغاندا قېزىلغان نېفت مىقدارى ئومۇمىي چىقىمغا يۈك بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئوخشاش چىقىم بىلەن يەر قاتلىمىدىكى نېفىتقا ئىگە بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرغىلى ۋە ماي چىقىش نىسبىتىنى 40% - 50% كە يەتكۈزگىلى بولسىتى، ئۇ ھالدا نېفت مىقدارىنى نەچچە ئون مىليون توننا ئاشۇرغىلى بولىدۇ ـ دە شۇ ئارقىلىق نېفتنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكىلى بولاتتى.



دۇنيا بويىچە يەر قاتلىمىدىكى نېفتنىڭ ئېچىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى بارلىق ئامالار ئىچىدە قوللىنىشقا تېگىشلىكى: قۇدۇق گەۋدىسىنىڭ ئاچا قاتلاملىرىغا بۆلۈنگەن كان مەھسۇلاتلىرى بار بولغان قاتلاملىرىنى ئۈزلەشتۈرۈش، شۇنداقلا ماشىنا ـ ئېنېرگىيە قاتارلىق ئىئون پارى گېنېراتورىنى ھەر بىر نېفت قۇدۇقى ئېغىزىغا ئايرىم ـ ئايرىم بېكىتىش ئارقىلىق نېفت قېزىش ۋە نېفت قاتلىمىنى پار بىلەن تەمىنلەشكە ئاسانلىق يارىتىش. بۇ خىل يېڭىچە ئۇسۇل ھەممە كىشىگە ئايان بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھېچ قانداق بىر جاينىڭ قوللانغىنى يوق. قۇدۇق گەۋدىسىنىڭ گورىزونتال قەۋىتىنى بۇرغىلاپ سىگىش دائىرىسىنى چوڭايتىپ، تۆۋەن قىسمىدىكى سىگىشكەن نېفت زاپىسى قەۋىتى ۋە ئاخىرقى مەزگىلدىكى نېفت چىقىش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئۈنۈمى ناھايىتى چوڭ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋېرتىكال قۇدۇقتىن گورىزونتال قۇدۇقنىڭ نېفت چىقىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ 1 ـ 3 ھەسسىگە تەڭ. ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ بولىدۇ. ھازىر رۇسىيە نېفت خىزمەتچىلىرى ۋولگا دەرياسى بويلىرى، ساخالىن، غەربىي سىبىرىيە، تاتارىيە قاتارلىق جايلاردا ئاكتىپچانلىق بىلەن مۇشۇ يۆنىلىشتە خىزمەت ئىلىپ بارماقتا. كانادا، ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەر گورىزونتال قۇدۇقنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى ئاللىبۇرۇن چۈشىنىپ يەتكەن، شۇنداقلا مەشغۇلات شەكلىگە قۇدۇق گەۋدىسىنىڭ گورىزونتال بەر قىسمىنى بۇرغىلاشنى 100 مېتىرغا يەتكۈزۈش تېخنىكىسىنى مەخسۇس بەلگىلىدى. ھەركەتچان ئىئون پارى گېنېراتورىنى نېفت ئېچىش پائالىيىتىگە ئىلىپ كىرىپ، ھەر بىر قۇدۇققا تارقاق پار تۇراقلىق گېنېراتورىنى مەركەز

لەشتۈرۈش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ زور كۆلەمدىكى ئىقتىسادىي چىقىمنى، ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك.

نېفىت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشتىن ئىبارەت دۇنياۋى مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، نېفىت ترانسپورتى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. تۇرۇبا ئارقىلىق نېفىت ئاققۇزۇش پونكىتىنىڭ بىۋاسىتە نېفىت ئاققۇزۇش ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىدا ئورغۇن يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت: پارافىن چۆكمىسى نېفىتنىڭ راۋان يۈرۈشىگە توسالغۇ بولىدۇ. نېفىتنىڭ يېپىشقاقلىقى ئاققۇزۇشتا زور ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ نېفىتنىڭ تۇپراققا سىڭىپ كېتىشى تۇپراقنى بۇلغايدۇ.

سۇيۇقلۇق بېسىمى ماي باكىدىن پايدىلىنىپ، تۇرۇبا ئارقىلىق نېفىت يەتكۈزۈشتە يۇقىرىدىكى مەسىلىلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. لېكىن مەخسۇس ئىشلەنگەن، ھەم يومىلاق ماي باكى بولۇشى كېرەك. سانائىتى تەرەققىي قىلغان ئامېرىكا، كانادا دۆلەتلىرىدىكى ترانسپورت ئىشلىرىدا مال تەمىنلەش ئىشلىرى ناھايىتى ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، سۇيۇقلۇق بېسىمى ماي باكى بىلەن ماي يۆتكىگەندە، ماي توشۇغۇچى باكنىڭ ئېغىرلىقى يوق دېيەرلىك بولغاچقا ئېنېرگىيە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تېجىلىپ، ماي تۇرۇبىسىنىڭ ئىشلىتىش ئۆمرى ئۇزىرايدۇ. بېسىملىق سۇيۇقلۇق تەركىبى ماس ھالدا ئىشلىتىلگەندە، تۇرۇبىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. سۇيۇقلۇق بېسىمى باكنى ئىشلىتىشنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، بىرلا ۋاقىتتا ياكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشىمايدىغان ھەر خىل ماللارنى يۆتكىگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: نېفىت، ئاشلىق، تۇز، رودا قاتارلىقلار؛ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولا ئەمەس، بەلكى يەنە بۇ خىل ترانسپورت ۋاستىسىدىن پايدىلانغاندا قودۇقتىن نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا يۆتكەش جەريانىدا نېفىت خۇسۇسىيىتىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، لېكىن نېفىتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەھسۇلات قىممىتىنى بەلگىلەشتىكى بىردىن بىر ئامىل ئەمەس. نېفىت قوبۇل قىلىش پونكىتىدا بۇ تۈردىكى كۆرسەتكۈچ نېفىت پىششىقلاشتىكى تەرەققىيات دەرىجىسىگە ۋە نېفىت پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ سىغىمچانلىقى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق. مىسالغا ئالساق پاۋلودار نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ نېفىت پىششىقلاش دەرىجىسى 75% كە يەتكەن، مەھسۇلات سۈپىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەر ھالدا بۈگۈنكى تەلەپكە (ئامېرىكىدا 90% كە يەتكەن) ۋە قازاقىستان دائىرىسىدە ئىشلىتىش تەلىپىگە يەتكەن. ئاتىراۋ نېفىت پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ نېفىت ئانالىز كۆرسەتكۈچىدە بولسا 55% بولغان، ئەگەر تۈپتىن ئىشلەپچىقىرىش ئىسلاھاتى ئېلىپ بارمىغاندا ئېكولوگىيىلىك ئۆلچەم باھالىشىدىن ئۆتەلىشى ۋە سودا بازارلىرىنىڭ رىقابىتىگە بەرداشلىق بېرەلىشى ناتايىن. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ سىغىمچانلىقى خام نېفىت تەننەرخىنىڭ ئەھۋالىنى بىردىن بىر بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرىدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

بۇ ساھەدە تېخنىكىنى تۈپتىن يېڭىلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى رۇسىيە سىبىرىيە غەربىي سانائەت كومىتېتى نېفىت تەبىئىي گاز 2000 - يىللىق مەخسۇس تۈر تىزىسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. رۇسىيە نېفىت خىزمەتچىلىرى دۆلەت مۇداپىئە ئومۇمىي گەۋدىسى زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىدە بار بولغان نېفىت تەبىئىي گاز ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىشنى پىلانلاۋاتىدۇ. بۇ كەلگۈسىدە خېلى كۆپ تاشقى پىرىبۇوت.

تەخمىنەن ئىككى يۈز مىڭ كىشىنىڭ ئىشسىزلىق ئەھۋالىنى ھەل قىلىدۇ. بۇ ئۇسكۇنىلەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئون تىرىليون رۇبلىغا يەتكۈزۈشكە، شۇنداقلا نېفىتنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. نېفىت ساھەسىدە ئۆزىنىڭ ماشىنىسى بىلەن بىرلەشمە كارخانا قۇرۇش، پەن - تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئالدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر.

قازاقىستان كەلگۈسىدە نېفىت ساھەسىدە قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆز چېگرىسى ئىچىدە نېفىت ئېچىش خىزمىتىدىكى سودا ئاساسى گەۋدىسىدە ئىلغار تېخنىكىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي تېخنىكا سىياستى يۈرگۈزۈپ، كەلگۈسىدە يوشۇرۇن پەن - تېخنىكا كۈچلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ماشىنا ئىجات قىلغۇچىلارنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇمھۇرىيەتنى تېگىشسىز ئۈستۈرۈلگەن باھا بىلەن تەمىنلەشنى، ئەڭ ئىلغار بولمىغان چەت ئەل تېخنىكىسى ئەسلىھەلىرىنى بازارغا كىرگۈزۈشنى رەتكە سېلىش كېرەك. ئۆزلىرىنىڭ نېفىت ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىش كۆرۈنۈپلا تۇرغان گەپ: ئۇزۇن مۇددەت تەبىئىي بايلىققا بېقىنىۋېلىش، ئىشسىزلىق ۋە جەمئىيەتنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسىنىڭ ئېشىپ بېرىش بەددىلىگە ئېرىشكەن چەت ئەل تېخنىكىسى پەن - تېخنىكا يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرى تەننەرخىنىڭ شەكىللىنىشىگە قارىتا ئىچكىرىلەپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي كرىزىستىن قۇتۇلغاندىلا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۈچ قۇدرىتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنىڭ ئېشىپ بارىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

گۈلقىز ئارىپ ( ت )

---

بېشى 32-بەتتە

ئەھۋالى بىرقەدەر ئېغىر، ئەگەر قازاقىستان خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشنى خالايدىكەن، چوقۇم بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش كېلىشىمىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك، ئۇنداق قىلمايدىكەن، خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشقا دەخلى يېتىدۇ.

### مۇلازىمەت تۇسالغۇسى

چەت ئەلنىڭ سۇغۇرتا ئىشلىرى خوجايىنلىرى زور تەۋەككۈلچىلىك ھەركىتى بىلەن قازاقىستاننىڭ سۇغۇرتا بازىرىغا كىردى.

### مەبلەغ سېلىش تۇسالغۇسى

گەرچە بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغانلىرىنىڭ 99 يىلدىن ئاشسىمۇ بىراق مەبلەغ كەمچىل بولغانلىقتىن چەت ئەل شىركەتلىرى قازاقىستاندا يەر سېتىۋېلىشنى خالىمايدۇ. قازاقىستان چەت ئەل شىركەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئامېرىكا شىركەتلىرىنى جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

### باشقا تۇسالغۇلار

بىرقەدەر ئاجىز بولغان سودا قانۇن سىستېمىسى، دۆلەتنىڭ تاشقى قەرزنى تۆلەش ئىقتىدارىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، توختامغا خىلاپلىق قىلغان مەسئۇلىيەتنى بىر تەرەپ قىلىدىغان كۈچلۈك ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى، مۇلازىمەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ چېرىكلىشىش قىلمىشلىرى قاتارلىقلار.(02)

## مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بۇ يىلنىڭ دەسلەپكى بەش ئېيىدىكى تاشقى سودا ئەھۋالى

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە رۇسسىيە پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدىكى تاشقى سودا سوممىسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتتى.

قازاقىستان «ئاسىيا ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش گېزىتى» نىڭ 1998- يىل 8- ئاينىڭ 26- كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ يىل 1- ئايدىن 5- ئايغىچە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىسىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 29 مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 12.5% تۆۋەنلىگەن؛ ئىمپورت سوممىسى 23 مىليارد 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 10.2% تۆۋەنلىگەن، ئاكتىپ بالانس 6 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان ھەم ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 50% ئازايغان. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا سودىسىنىڭ ئوخشاش بىر مەزگىل ئىچىدىكى ئېكسپورت سوممىسى 12 مىليارد 720 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 4% تۆۋەنلىگەن، ئىمپورت سوممىسى بولسا 14 مىليارد 350 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 2.3% تۆۋەنلىگەن.

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا پەقەت قازاقىستان بىلەن رۇسىيىلا سودىدا ئاكتىپ بالانسنى ساقلاپ قالالىغان. (03)

## ئامېرىكا ئۆزبېكىستانغا پۇل قەرز بېرىدۇ

ۋاشىنگتوننىڭ 1998 - يىلى - 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت بانكىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېكسپورت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 2 مىليارد 150 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز بېرىدىكەن. ئامېرىكا ئىمپورت - ئېكسپورت بانكىسى ئالدى بىلەن سۇرخان دەرياسى تەبىئىي گاز - خىمىيە بۇيۇملىرى بىرلەشمە شىركىتىگە قەرز بېرىدىكەن، بۇ قەرز ئۆزبېكىستاننىڭ سۇرخان دەرياسى نېفىتلىكىدىكى پولى ئېتىلېن تۈرىنى ئېچىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ تۈرگە كېتىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ تەخمىنەن 7 مىليارد 620 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، قالغان مەبلەغ ياپونىيە بىلەن گېرمانىيەدىن كېلىدۇ.

قەرز ئالغۇچى تەرەپ ئۆزبېكىستان سۇرخان دەرياسى ئوبلاستلىق تەبىئىي گاز شىركىتى بولۇپ، ئۇ 2001 - يىلدىن باشلاپ 10 يىلغا بۆلۈپ بۇ قەرزنى قايتۇرىدۇ. (02)

# ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىنىڭ 1998 - يىلدىن 2000- يىلغىچە بولغان ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىلان پەرمانى

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى، چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېزىلاردا يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنى قۇرۇش ئاساسىدا ئەمەلىي بولغان ئىگىدارلىق باسقۇچىنى شەكىللەندۈرۈپ، مال - مۈلۈك پاي تۈزۈمىنى ۋە ئائىلە ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، تۇپراقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغداش، سۈپەتلىك سورتلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشىلاپ، رىقابەتكۈچكە ئىگە بولغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كېڭەيتىش كېرەك :

1. 1998- يىلدىن 2000- يىلغىچە بولغان مەزگىلدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پىلانىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش كېرەك.

2. مەخسۇس كومىتېت تەشكىللەپ . يۇقىرىدا ئېيتىلغان يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلدۇرۇش ، مەزكۇر كومىتېت ھەر پەسىلدە پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىدىن خۇلاسە ئېلىپ بېرىش ۋە خۇلاسە نەتىجىسىنى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلىش كېرەك .

3. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى كابىنېتى بىر ھەپتە ئىچىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغان پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى ھەم تەستىقلىشى كېرەك .

4. قاراقالپاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى كابىنېتى ۋە ھەر قايسى ئوبلاست ھۆكۈمەتلىرى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ماكرو ئىقتىساد ۋە ستاتىستىكا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك ۋە سۇ قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى شۇنداقلا باشقا مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلار بىلەن بىرلىكتە ئىككى ھەپتە ئىچىدە مەزكۇر پىلاننى ھەرقايسى ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا كونكرېت يولغا قويۇش چارىلىرىنى بەلگىلىشى ھەمدە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى كابىنېتىغا يوللىشى كېرەك.

5. ھەر قايسى مىنىستىرلىك ۋە كومىتېت رەھبەرلىرى، قاراقالپاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلەر كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە ھەر قايسى ئوبلاستلارنىڭ باشلىقلىرى 1998- يىلدىن 2000- يىلغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن شەخسىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك .

6. پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەر پەسىلدە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى كابىنېتىنىڭ يىغىنىدا قاراپ چىقىلىشى كېرەك .

7. ت . سۇلتانوۋ مەزكۇر بۇيرۇقنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ.

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى
كېرىموۋ
1998- يىلى 3- ئاينىڭ 18- كۈنى
تاشكەنت شەھرى . (03)

# تاجىكىستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي مۇھىت بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى كېلىشىمىگە قاتناشتى

1998 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تاشكەنتتە ئېچىلغان تاجىكىستان قاتناشقان قازاقىستان، قىرغىزستان ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ دۆلەتلەر ئارا كومىتېت يىغىنى يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت باشلىقلىرى تەرىپىدىن «تارىخىي خاراكتېرلىك يىغىن بولدى» دەپ قارالدى. دەل مۇشۇ كۈندە ئۇلار ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر قارارنى چىقاردى. بۇ قارار ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىن قارارىنىڭ بىرىنچى ماددىسى تاجىكىستاننىڭ 1994 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىمزالانغان «قازاقىستان، قىرغىزستان ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي مۇھىت بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى كېلىشىمى» گە قاتنىشىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ن. نەزەربايېۋ، ئا. ئاقايېۋ، ئى. كېرىموۋ ۋە ئې. راخمانوۋ قاتارلىق تۆت پرېزىدېنت رايون بىرلىكىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى باياناتنى ئىمزالىدى.

«قازاقىستان، قىرغىزستان ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە بازارلىرىنى قۇرۇشتىكى ئورتاق پرىنسىپلىرى توغرىسىدىكى كېلىشىم» بولسا تاشكەنت ئۇچرىشىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم بەتتىجىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ مەقسىدى شۇكى، كېلىشىم ئىمزالىغان دۆلەتلەرنىڭ مەبلەغ سالغۇچىلىرى ۋە مەبلەغ سېلىش ئورگانلىرىنىڭ مەزكۇر دۆلەتنىڭ قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە بازارلىرىغا كىرىشتىكى بەلگىلىمىلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

دۆلەتلەر ئارا كومىتېت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ فوندىشى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان «97' ئوتتۇرا ئاسىيا تىنچلىق ساقلاش لاگېرى» نىڭ تىنچلىق ساقلاش مانېۋىرىنىڭ نەتىجىسىنى باھالاپ، بۇ مانېۋىرنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى ھەم قازاقىستان، قىرغىزستان ۋە ئۆزبېكىستان بىرلىكتە قۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا تىنچلىق ساقلاش لاگېرىنىڭ رەسمىيەت خاراكتېرلىك مانېۋىرى - «98' ئوتتۇرا ئاسىيا تىنچلىق ساقلاش لاگېرى» نىڭ 1998 - يىلى 9 - ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى يەنە بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي مۇھىتنى بەرپا قىلىش كېلىشىمىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ماقۇللانغان ھۆججەتلەرنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى نازارەت قىلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىغا مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە پروگراممىنىڭ تاشكەنت ئومۇمىي باياناتىنى ئىمزالىدى. مەزكۇر بايانات مەنپەئەت بىرلىكى ۋە بازار تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان خەلقئارا مىزان ۋە ئۆلچەم ئاساسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى دۆلەتلەر ئارا ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن ياۋروپا ھەم ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

دۆلەتلەر ئارا كومىتېتنىڭ يىغىنى

( ئاخىرى 12 - بەتتە )

# ئەزەربەيجان ئامېرىكا ۋە فرانسىيە بىلەن بىرلىكتە كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئاپشېرون كان رايونىنى ئاچماقچى

ئەزەربەيجاننىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نېفىت شىركىتىنىڭ مەبلەغ سېلىش تارمىقىنىڭ مۇدىرى ۋالېخ ئالسكېروۋ ئەزەربەيجان پارلامېنتىنىڭ 1997- يىلى 11- ئاينىڭ 21- كۈنى ئەزەربەيجان دۆلەتلىك نېفىت شىركىتىنىڭ ئامېرىكىنىڭ شېۋرون ۋە فرانسىيىنىڭ توتال شىركىتى بىلەن كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئەزەربەيجانغا قاراشلىق ئاپشېرون كان رايونىنى بىرلىكتە ئېچىش توختامىنى تۈزۈشكە قوشۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ۋالېخ ئالسكېروۋنىڭ ئېيتىشىچە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان توختام 1997- يىلى 8- ئاينىڭ 1- كۈنى ئەزەربەيجان دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ شېۋرون شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى شەرت قىلغان ئاساستا ئىمزالانغان. كېيىن بۇنىڭغا يەنە فرانسىيىنىڭ توتال شىركىتىمۇ قاتناشقان.

ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەھسۇلات ئومۇمىي مىقدارىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەندىكىچە: ئەزەربەيجاننىڭ دۆلەت نېفىت شىركىتى50%، شېۋرون شىركىتى 30%، توتال شىركىتى 20%. ئەزەربەيجان مۇتەخەسسىسلىرى بايقىغان ئاپشېرون كان رايونى باكۇدىن 35 كىلومېتىر يىراقلىقتا. توختامغا چېتىلىدىغان يەر كۆلىمى 400 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، كان قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 4800 — 7100 مېتىر، دېڭىز سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 450 — 500 مېتىر. مۆلچەرلەرگە قارىغاندا بۇ جايدىكى نېفىت زاپىسى 130 — 150 مىليون توننىغا، تەبىئىي گاز زاپىسى 400 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدىكەن. توختامنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن 4 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدىكەن. توختامدا بەلگىلىنىشىچە تەكشۈرۈش باسقۇچىدا چەت ئەل نېفىت شىركەتلىرى مەبلەغ سالىدۇ، ئۇنىڭ مۇددىتى 3 يىل بولىدۇ.

مۇدىر ۋالىخ ئالسكېروۋ: «بۇ باسقۇچتا توختامدا بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە يەر تەۋرەش ئۈچ ئۆلچەملىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ ھەم يەنە ئىككى چارلاش قۇدۇقى بۇرغىلىنىدۇ» دېدى.

ئۇ يەنە، ئەگەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان خىزمەتلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىسا، ئۇ ھالدا تەكشۈرۈش مۇددىتى 2 يىل ئۇزارتىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا يەنە ئىككى چارلاش قۇدۇقى قېزىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ كاربوگىدراتنىڭ سودا زاپىسىغا ئىگە ئىكەنلىكى بايقالغاندىن كېيىن، ئاندىن بىرلىككە كەلگەن كان رايونىنى ئېچىش پىلانى ئېتىراپ قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ۋالىخ ئالسكېروۋ يەنە توختام كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئەزەربەيجان ھۆكۈمىتى 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ئىگە بولالايدۇ، سانائەت خاراكتېرلىك ئېچىش باشلانغاندىن كېيىن بولسا 25 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ئېرىشەلەيدۇ، دېدى.

بۇندىن كېيىن ھەر يۈز مىليون توننا نېفىت بايقالسا ئەزەربەيجان تەرەپ بىر مىليون

# ئارال دېڭىزى يوقىلىش ئالدىدا تۇرماقتا

50 ـ يىللىرى، موسكۋا پاختا ئىمپورت قىلىشقا تايانماسلىق مۇمكىنچىلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاخىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپتى. قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستاندا تېخى ئېچىلمىغان زور كۆلەمدىكى يەر بار، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا كېۋەز تېرىشتىكى ئالدىنقى شەرت يەنى يېتەرلىك قۇياش نۇرى بار. گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يايلاق ۋە قۇملۇقلىرىدا تۇزسىز سۇ بايلىقى يېتەرلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئىنژېنېرلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتى، يەنى ئۇلار ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسىنىڭ سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئىككى دەريا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ دەريا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1965 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلىغىچە تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستانلارنىڭ ئۆلكە يەرلىرى ۋە كېۋەز تېرىلىدىغان يەرلىرى ئىككى ھەسسە كېڭەيدى. 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى دۇنيادىكى ئۈچىنچى چوڭ كېۋەز تېرىش رايونىغا ئايلاندى.

چۈنكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ سۈيى ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىككى دەريا سۈيىنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىش سەۋەبىدىن ئارال دېڭىزىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شۇندىن باشلاپ ئارال دېڭىزى قەدەممۇ ـ قەدەم يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان سۈيى 60 ـ يىللاردىكى 55 كۇب كىلومېتىردىن ئازىيىپ 90 ـ يىللارغا كەلگەندە $4Km^3$ غىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ھازىر ئارال دېڭىزىنىڭ تۇز تەركىبى جىددىي ئېشىپ، نۇرغۇنلىغان بېلىق تۈرلىرىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئارال دېڭىزىنىڭ سۇ يۈزىمۇ زور دەرىجىدە كىچىكلىدى، ھەر يىلى ئېچىلىپ قالغان دېڭىز تېگىدىكى نەچچە مىليون توننا دېھقانچىلىق دورىسى ۋە تۇزنى شامال ئۇچۇرۇپ بۇ رايونلاردىكى ئوتلاق ۋە ئېتىزلارغا ئېلىپ بارغانلىقتىن كۆكتات ۋە مېۋىلەر بۇلغانىدى، ھەتتا يەر ئاستى سۈيىگىمۇ قوشۇلۇپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ نەپەس ئېلىش ۋە يېمەكلىك ئارقىلىق دېڭىز تېگىدىن چىققان دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە تۇزنى ئۆز بەدىنىگە قوبۇل قىلىش سەۋەبىدىن ئۆپكە تۇبېركۇلوز، جىگەر ياللۇغى، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، گال راكى ۋە باشقا كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇشى روشەن كۆپەيدى. (01)

---

ئامېرىكا دوللىرىغا ئېرىشەلەيدۇ. ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرنىڭ باھاسى 2000 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، توختامدا بەلگىلەنگەن قايتۇرۇلمايدىغان خىراجەت 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. كان رايونىنىڭ سانائەت خاراكتېرلىك ئېچىش مۇددىتى 42 ئاي، توختام يۈرگۈزۈلىدىغان ئومۇمىي مۇددەت بولسا 25 يىل (5 يىللىق قوشۇمچە مۇددەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). (03)

# قازاقىستاننىڭ تاشقى سودا تۈزۈمى

**ئىمپورت قائىدىسى**

قازاقىستاننىڭ ئوتتۇرىچە ئىمپورت تاموژنا بېجى 12%. ھازىر مەيلى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردىن ياكى باشقا دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلات بولسۇن، مەھسۇلاتنىڭ 20% تىن قانۇن بويىچە باج ئېلىنىدۇ، ئىمپورت قىلىنغانماللاردىن 2.0% بىر تەرەپ قىلىش ھەققى ئېلىنىدۇ.

**ئىمپورت تاموژنا بېجى رەسمىيىتىنى بېجىرىش**

قازاقىستاننىڭ تاموژنا بېجى يىغىش ئۆلچىمى دۇنيا تاموژنا سودا باش كېلىشىمىگە ماس كېلىدۇ، ھەمدە دۇنيا سودا تەشكىلاتى ماسلاشتۇرۇش سىستېمىسىنىڭ خىزمىتىگە ماس كېلىدۇ. چەت ئەل شىركەتلىرى ئۆزى ئىشلىتىدىغان بىر قىسىم تاۋارلارنى ئىمپورت قىلسا باج كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. 1994ـ يىلى ئېلان قىلىنغان چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن 22 تۈرلۈك قانۇنىي كۆچكە ئىگە نىزاملاردىلا ئېنىق بەلگىلەنگەن (چوقۇم ئېتىراپ قىلىنغان مەبلەغ سالغۇچى بولۇشى كېرەك). بىراق 1997ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە ئەسلىدىكى 22 تۈرنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرى ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن مەبلەغ سالغۇچىلار مەلۇم ئىشەنچىسىنى يوقاتتى.

قازاقىستاندىكى بىر قىسىم ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ قارىشىچە، قازاقىستاننىڭ نۆۋەتتىكى تاموژنا باج نىسبىتى بەك يۇقىرى بولغانلىقتىن چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئاساسەن پۇل تاپالمىغان، يەنە بىر قىسىم شىركەتلەر قازاقىستاننىڭ تاموژنا ئىشلىرىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارە ئەمەسلىكىدىن ئاغرىنغان، قازاقىستان تاموژنا خادىمى ۋە دۆلەت بانكىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنۇملۇك ھۆججەت ۋە ئىسپات ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىگەندىلا ئاندىن ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئېتىبار تەمىناتىدىن بەھرىمان بولغىلى بولىدىكەن.

**نۆۋەتتە قازاقىستاندا قوللىنىلىۋاتقان ئۆلچەم**

قازاقىستاننىڭ قوللانغان ئۆلچىمى يەنىلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قوللانغان ئۆلچەم بولۇپ، بۇ ئۆلچەم ئامېرىكا ۋە بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرىگە مۇقەررەر ھالدا ماسلاشمايدۇ. 1996ـ يىلى 6 ـ ئايدا قازاقىستان ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئۆلچەم جەمئىيىتى بىلەن خەلقئارا ئادەت بىلەن بىردەك بولغان چۈشىنىش ئەسلەتمىسىنى ئىمزالىدى.

**بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىشى كەمچىل**

1992ـ يىلىلا، قازاقىستان بىلەن ئامېرىكا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى، ھەم شۇ يىلى پارىژ سانائەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى كېلىشىمى ۋە مادرىد خەلقئارا رويخەتكە ئېلىش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. گەرچە قازاقىستانمۇ بىرىن بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ۋە جەنۋە شەرتنامىسىنى ئىمزالىغان بولسىمۇ، بىراق ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى كىشىنى رازى قىلالمايدۇ. 1996ـ يىلى 6 ـ ئايدا قازاقىستان ھۆكۈمىتى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش قانۇنىنى قايتا تەكشۈردى ھەم خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالىدى.

نۆۋەتتە قازاقىستاندا نەشر ھوقۇقىنى ئوغرىلاش

ئاخىرى 26 ـ بەتتە

# قىرغىزستان يېمەكلىك ئىمپورت قىلىشنى ئازايتتى

قىرغىزستان يېزا ئىگىلىك ۋە سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جۇمەقادىر. ئاقىيېۋ: دۆلەت مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان ئۆز ئۆزىنى يېتەرلىك ئاشلىق، ياڭيۇ ۋە كۆكتات بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان، ھەتتا بۇغدايمۇ ئېكسپورت قىلالايدىغان، بۇ ئارقىلىق ئېرىشكەن پۇلغا دېھقانلار ئۇچۇن خىمىيۋى ئوغۇت، ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يوقاتقۇچى دورا ۋە دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى سېتىۋالالايدىغان بولدى دېدى.

ھۆكۈمەتنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، 1997 -يىلى قىرغىزستاننىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 700 مىڭ توننا، ياڭيۇ 1 مىليون توننا، پاختا 53 مىڭ توننا بولغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە قىرغىزستان بۇغدايدىن ئانچە كۆپ ھوسۇل ئالالمايتتى، پاختىدىنمۇ ھەم شۇنداق ئىدى، ھازىر بۇغداي تېرىلىدىغان يەرلەرنىڭ كۆلىمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا ئازىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھوسۇل يەنىلا ياخشى بولماقتا، لېكىن يېزا ئىگىلىكىدىكى يوشۇرۇن كۈچ تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى، مەسىلەن: ھازىر ھەر بىر گېكتار يەردىن ئېلىنىدىغان ياڭيۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر توننىدىن سەللا ئاشماقتا، لېكىن مۇتەخەسسىسلەر قىرغىزستاننىڭ تۇپرىقىدا تېخىمۇ كۆپ ياڭيۇ ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

بىراق، يەردىن ئېلىنىدىغان ھوسۇلنىڭ يۇقىرى بولۇشى كىشىلەرگە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش مەسىلىسىنى ئېلىپ كەلدى، مەسىلەن، ياڭيۇنى ئېلىپ ئېيتساق، ھازىرقى پىششىقلاپ ئىشلەش دائىرىسى بويىچە پەقەت تۆتتىن بىر قىسىم مەھسۇلات ساقلاشقا قولايلىق مەھسۇلاتقا ياكى يېرىم تەييار مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇلىدۇ، قالغان ياڭيۇ تۆۋەن باھادا سېتىلىدۇ ياكى سېسىپ تۆكۈلىدۇ. شۇڭا ئېلىنغان قەرز پۇل، بولۇپمۇ تاشقى پىرېۋوتنىڭ ھەممىسى كىچىك تىپتىكى زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ۋە ئورنىتىشقا، ئامبار ۋە ساقلاش ئىسكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

رۇسىيە يېزا ئىگىلىكىدە قىرغىزستان بىلەن ھەمكارلىشىشنى قانات يايدۇرۇشقا قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمەلىيەتتىمۇ رۇسىيىنىڭ نۇرغۇنلىغان رايونلىرى قىرغىزستان بىلەن يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە مۇناسىۋەت ئورناتتى. مەسىلەن: ساخالىن ئوبلاستى قىرغىزستاننىڭ تۆت بوش قالغان چوشقا بېقىش مەيدانىنى ئىجارىگە ئېلىپ چوشقا باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قارار قىلدى. گوللاندىيە، ئىران ۋە جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن سودا - سانائەتچىلەر قىرغىزستاننىڭ تاشلىنىپ قالغان قۇش - چارۋا مەيدانلىرىغا قىزىقماقتا، ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىكلەردىن بىزار بولغان قىرغىزستانلىقلار پات ئارىدا ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان توخو گۆشى قاتارلىقلارنى يېيەلەيدىغان بولدى. شۇڭا قىرغىزستان بۇندىن كېيىن يېمەكلىك ئىمپورت قىلىش مىقدارىنى ئازايتىدۇ. (01)

# شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق ساھەسى قازاقىستاننىڭ يېڭى پايتەختىگە بۆسۈپ كىردى

1998-يىلى 6-ئاينىڭ دەسلىۋىدە قازاقىستاننىڭ يېڭى پايتەختى ئاستانە ( ئەسلىدىكى ئاقمولا شەھىرى ) نىڭ ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقى مەركىزىدە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئېكسپورت قىلىش كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. بۇ قېتىملىق كۆرگەزمىگە قاتناشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە گەزلىمە ئىشلەپچىقىرىدىغان ھەم شۇ سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەردىن ئىبارەت. بۇ كۆرگەزمىگە جەلپ قىلىنغانلاردىن يەنە قازاقىستان بىلەن ئىزچىل ھالدا ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم مېتاللورگىيە شىركەتلىرى بار. شىنجاڭ مېتاللورگىيە ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ سوكرۇۋ سارباي بىرلەشمە كارخانىسى بىلەن ئېلىپ بارغان ھەر يىللىق سودا سوممىسى 15 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ.

ھەر قايسى شىركەت ۋەكىللىرىنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىزىقىدىغىنى ئاستانىدا پات ئارىدا يولغا قويۇلىدىغان زور قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئۈچۈن توختام ئىمزالاش ئىكەن.

بۇ قېتىملىق كۆرگەزمىگە قاتناشقان يەنە بىر مۇھىم ئورۇن جۇڭگو شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى بولۇپ، مەزكۇر شىركەت ۋەكىلىنىڭ مۆلچەرلىشىچە ئۇنىڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى تارماق شىركەتلىرى مۇھىم تۈر ۋە پىلانلارغا ئىگە بولالايدىكەن. بۇ شىركەت مەخسۇس مىنېرال ۋە خىمىيىلىك مەھسۇلاتلار يەر ئاستى قېزىلمىلىرىنى، ھەم كان ئېچىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

قازاقىستان كارخانىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش مەقسىتى توغرىسىدا توختالغاندا، شىنجاڭ ۋەكىلى مۇخبىرلارغا مەزكۇر شىركەتنىڭ قازاقىستاندىكى بىر نەچچە ئالتۇن قېزىش كارخانىلىرىنى خىمىيىلىك مەھسۇلاتلار ۋە سىناق دورىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى. بۇ شىركەت ئىلگىرى كۆپ قېتىم قازاقىستاندىكى بىر رەڭلىك مېتال كارخانىسىنى سىئانىد ۋە باشقا خىمىيىلىك مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىگەنىدى.

قازاقىستان قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى ئەربابلار شىنجاڭنىڭ كۆرگەزمىدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە كەسمە يۇڭ ماتېرىيالغا كۆپ قېتىم يۇقىرى باھالارنى بەردى. بۇ قېتىم جۇڭگو شىركەتلىرى قازاقىستاننىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىدىن ئورۇن ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قازاقىستاننىڭ يېڭى پايتەختى - ئاستانىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغىمۇ بىۋاسىتە قاتنىشىشى مۇمكىن.

قازاقىستان پرېزىدېنتى بىلەن زۇڭلىسى يېقىندىلا جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئاستانىغا ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانا سېلىش كېلىشىمنى تۈزدى. پرېزىدېنت نەزەربايېۋ مېھمانخانىنى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىدا سېلىشنى ھەم

# رۇسىيە ئالاھىدە چوڭ كارخانىلاردىن باج ئېلىشنى كۈچەيتى

رۇسىيىنىڭ بارلىق مالىيە كىرىمىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى رۇسىيىدىكى ئالاھىدە چوڭ 17 شىركەت ۋە ئالتە چوڭ بانكىدىن كىرىدۇ. ھۆكۈمەت ٩٨ - يىلى ١ - ئايدا قۇرغان ئالاھىدە باج مەھكىمىسى 3 - ئايدىن باشلاپ مەخسۇس مۇشۇ بىر نەچچە چوڭ كارخانىنىڭ خىزمىتىنى، ئاۋۋالقى دۆلەت باج ئىدارىسى خام چوت كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەمىنلەيدىغان ئادەتتىكى كارخانا ۋە تەبىئىي شەخسلەردىن باج يىغىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

ئالاھىدە باج مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، باج تاماملاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق. مەزكۇر 23 كارخانا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 63% بېجىنى تەمىنلەيدۇ. ئەگەر بۇ كارخانىلاردىكى مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئالاھىدە باج مەھكىمىسى ھەر ئايدا خام چوت ئۈچۈن 25 مىليارد رۇبلى كىرىم بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنداقلا راسچوت خىزمىتىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ياردىمى بولىدۇ، چىقىم مەزگىلىنى قىسقارتىدۇ، شىركەتنىڭ نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

بۇندىن كېيىن جۇمھۇرىيەت، ئوبلاست ۋە چېگرا رايونلاردىمۇ ئالاھىدە باج ئورگانلىرى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس يەرلىكتىكى چوڭ كارخانىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. يەرلىكتىكى چوڭ كارخانىلار ئاساسەن ئومۇمىي باج سوممىسى 100 مىليون رۇبلىدىن ئاشقان كارخانا ۋە ئەڭ چوڭ 15 كارخانىغا قارىتىلغان.

مەملىكەت خاراكتېرلىك ئالاھىدە چوڭ كارخانىلار — رۇسىيە بىرلىككە كەلگەن ئېلېكتر شىركىتى، موسكۋا ئېلېكتر شىركىتى، تەبىئىي گاز سانائەت شىركىتى، رۇڭ نېفىت شىركىتى، جەنۇبىي نېفىت شىركىتى، مېك ھەربىي سانائەت گۇرۇھى، رۇسىيە قورال ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى، موسكۋا خرۇستال ھاراق زاۋۇتى، موسكۋا تۆمۈر يول ئىدارىسى، فونكوۋ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، رۇسىيە خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، رۇسىيە تېلېگراف شىركىتى، موسكۋا كۆچمە تېلېفون شىركىتى، رۇسىيە خەلق ئامانەت پۇللىرىنى جەلپ قىلىش بانكىسى، تېخنىكا يېڭىلاش بانكىسى، خەلق پۇل ئامانىتى يېزا ئىگىلىك بانكىسى، بىرلەشمە ئىمپورت ئېكسپورت بانكىسى، موسكۋا بانكىلار ئارا تاشقى پىرېۋوت بىرژىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن باشقا، بىرلىككە كەلگەن ئېلېكتر شىركىتى، تەبىئىي گاز سانائەت شىركىتى قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ شۆبىلىرى پەقەت موسكۋادا تىزىمغا ئالدۇرغان بولسىلا، ئالاھىدە باج مەھكىمىسى بىلەن باش شىركەت بىرلىكتە باج ئالىدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندا شۆبە شىركەتلەرنىڭ ۋاقتىدا باج تاپشۇرۇشىنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشقا قولايلىق بولىدۇ.(01)

---

ئۇنىڭغا «شاڭخەي» مېھمانخانىسى دەپ نام قويۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جۇڭگو - قازاقىستان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىغا قارىغاندا جۇڭگو شىركەتلىرىنىڭ ئاستانە شەھىرىدىكى باشقا قۇرۇلۇش تۈرلىرىگىمۇ قاتنىشىش مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىش قىيىن ئەمەس. (03)

# قازاقستان بىلەن كورىيە بىرلىشىپ رەڭلىك تېلېۋىزور ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قۇردى

1998 - يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، قازاقستان پرېزىدېنتى نەزەربايېۋ ئالما - ئاتا شەھىرىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان «قازاقستان جۇمھۇرىيىتى ئالما - ئاتا GL ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى» رەڭلىك تېلېۋىزور ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ ئالدىدا لېنتا كەستى. بۇ داغدۇغىلىق ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقانلاردىن «LG» ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتىنىڭ لىدىرى كۇجاخۇن، كورىيىنىڭ قازاقستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يى يۇڭمىڭ ۋە قازاقستان چاۋشەنلىكلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى يۇرى سىخايلار قاتناشتى. بۇ قازاقستاندا زامانىۋى ئائىلە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ئىشلەپچىقىرىش يېڭى ساھەسىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

رەڭلىك تېلېۋىزور ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى قازاقستان - كورىيە ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. 1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قازاقستان دۆلەت مەبلەغ سېلىش كومىتېتى « GL » ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى بىلەن مەقسەتلىك كېلىشىم ئىمزالىغان ئىدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، قازاقستان ھۆكۈمىتى كورىيىدە زىيارەتتە بولغاندا «دۆلەتنىڭ رەڭلىك تېلېۋىزور ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە قوللاش ھەركىتى توغرىسىدا توختام» تۈزدى. ھازىر رەڭلىك تېلېۋىزور ئىشلەپچىقىرىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ.

يېڭى زاۋۇتنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا زۇڭتۇڭ نەزەربايېۋ بۇ خىل ئەھۋالنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى: قازاقستان مۇرەككەپ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. « قازاقستان جۇمھۇرىيىتى ئالما - ئاتا GL ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى » كارخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن 150 نەپەر ئىشچى قوبۇل قىلدى، تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى ئورناتتى، بىرتۈركۈم كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلىدى، بەزىلەر ھەتتا كورىيىگە بېرىپ تەربىيىلەندى. كورىيىنىڭ « GL » ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى بۇچاغدا مەزكۇر كارخانىغا 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالدى، زاۋۇت ھەر يىلى 21/20 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزوردىن 200مىڭ دانە ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

باشقا تېلېۋىزور ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ زاۋۇت قازاقستاندا ئالدى بىلەن پۈتۈن ئايلانما ھۈنەر-سەنئەت تېلېۋىزورىنى قوللاندى، ئۇلارنىڭ بىنالىق ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرى، زاپچاس ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرى، باسما توك يولى تاختىسىنى قۇراشتۇرۇش سېخى ۋە تېلېۋىزور قۇراشتۇرۇش لىنىيىلىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان تېلېۋىزورنىڭ پارامېتىرى دۇنيادىكى سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچىمىگە تامامەن ماس كېلىدۇ.

قازاقستاندا تېلېۋىزور ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قۇرغان « GL » ئېلېكترون

ئاخىرى 48-بەتتە

# «ئاقمولا» دېگەن شەھەر نامىنىڭ «ئاستانە» گە ئۆزگەرتىلىشى

1995 ـ يىلى قازاقستان پارلامېنتى پرېزىدېنت نەزەر بايېۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پايتەختنى ئاقمولاغا كۆچۈرۈش توغرىسىدىكى قارارنى مۇھاكىمە قىلدى ھەم ماقۇللىدى. 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پرېزىدېنت ئىشخانىسى ۋە بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئالما ـ ئاتادىن ئاقمۇلاغا كۆچتى. 1998 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پرېزىدېنت نەزەر بايېۋ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ «ئاقمۇلا» دېگەن شەھەر نامىنى «ئاستانە» گە ئۆزگەرتتى. 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاستانە شەھرىدە پايتەخت كۆچۈرۈش داغدۇغىلىق مۇراسىمى كۆتكۈزۈلدى ھەم قازاقستاننىڭ رەسمىي پايتەختى قىلىپ بېكىتىلدى

ئاستانە شەھرى سارئارقا يايلىقى(مەنىسى ئالتۇن رەڭلىك يايلاق) نىڭ شىمالىغا، ئىشىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، ئوتلاق سۈپىتى ياخشى بولۇپ، قەدىمقى قازاق خەلقىنىڭ مۇھىم كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردىن يېقىنقى زامانغىچە ياۋروپانى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم سودا يولى بولۇپ كەلدى.

1830 ـ يىلى چار روسىيە چېگرا مۇدا پىئە ئارمىيىسى بۇ يەردە ھەربىي گازارما قۇرغان، 1832 ـ يىلى يېزا بولۇپ قۇرۇلغان. يېزىنىڭ جەنۇبىدا قەدىمىي قەۋرىلەر ۋە خارابىلەر بولغاچقا، قازاق خەلقى بۇيەرنى «ئاقمولا» دەپ ئاتىلغان، ئۇنىڭ مەنىسى «ئاق رەڭلىك قەۋرە» بولۇپ، يېزا بولۇپ قۇرۇلغاندا بۇ نام قوللىنىلغان. 1886 ـ يىلى ئاقمولا روسىيە ئاقمولا ئوبلاستىنىڭ مەركىزى بولغان.

1936 ـ يىلى قازاقستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلغاندىن كېيىن، ئاقمولا تەدرىجىي ھالدا قازاقستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مۇھىم سانائەت رايونى ۋە مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ بىرى بولغان، 1939 ـ يىلى ئاقمولا قازاقستان ئاقمولا ئوبلاستىنىڭ مەركىزى بولغان.

1954 ـ يىلى باشلانغان بوز يەر ئېچىش ئاقمولا رايونىنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. روسىيە، ئۇكرائىنا ۋە گېرمانىيىدىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇيەرگە كۆچۈپ كېلىپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ سانىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى، 60 ـ يىللاردا ئاقمولا ئوبلاستى قازاقستان ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا ئايلىنىپ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ياساش، رەڭلىك مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلغان سانائەت بازىسى قۇرۇلدى.

1961 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى خرۇششوۋ بۇ شەھەردە زىيارەتتە بولغاندا شەھەر نامىنى چېرنوگراد ـ بوزيەر ئاچقۇچىلار شەھرى دېگەن نامغا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا مەخسۇس تەكلىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن 1961 ـ يىلدىن باشلاپ ئاقمولا شەھرىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

پايتەخت كۆچۈرۈش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللانغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدە يېڭى پايتەختنىڭ نامى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش بولدى. چۈنكى «ئاق رەڭلىك قەۋرە» مەنىسىنى ئالغان شەھەر نامى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان جۇمھۇرىيەتنىڭ پايتەخت نامى قىلىش بىرئاز شۇملۇق ۋە پاسسىپ مەنا بىرەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىسىم كىشىلەر يېڭى پايتەختنىڭ

نامىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. نام ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ تولۇق ئاساسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئاقمولا دېگەن نام ھەرگىزمۇ كونكرېت ھالدا «ئاق رەڭلىك قەۋدە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ، «ئاق» سۆزى قازاق تىلىدا «پاك» «مۇقەددەس» مەنىلىرىنى بېرىدۇ، «مولا» سۆزى ئەدەبىي تىلدا «ماكانلىشىش» «قايتىش» مەنىلىرىنى بېرىدۇ. قەدىمقى قازاق خەلقى قەبرىستانلىقنى ھەرگىزمۇ «ئۆلۈش»، «قورقۇش» جايى دەپ قارىماتتى، ئەكسىچە، قەبرىستانلىقنى ئەجدادلارنىڭ روھى تۇرىدىغان جاي، ھەممە ئادەملەرنىڭ بارىدىغان ماكانى دەپ قارايتتى. قازاق تىلىدا ئۆلۈش سۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى«قايتىش» . ھازىرغا قەدەر بىرقىسىم قازاق خەلقى ئىچىدە ئۇزاق سەپەرگە چىققاندا مەخسۇس قەبرىستانلىقنى تېپىپ قونەش ئادىتى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئاقمولا» سۆزىدە ئەكس ئەتكىنى تەبىئەت بىلەن ئادەم بىرلىشىپ كەتكەن، ئۆلۈشنى قايتىش دەپ قارايدىغان شەرق مەدەنىيەت ئۇقۇمىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ قارىشىچە قازاقىستاننىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن مەخسۇس يېڭى شەھەر نامىنى قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

بىراق يېڭى پايتەخت نامىغا بولغان خاتا چۈشەنچە ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئەيمىنىشىنى دەماللىققا تۈگەتكىلى بولمايدۇ. رۇسىيىنىڭ بىر قىسىم لىبېرالىزىم تۈسىنى ئالغان گېزىت ـ ژۇرناللىرى ۋە ۋاستىلەر «ئاق رەڭلىك قەۋرە» سۆزى بىلەن يېڭى پايتەختنى ئاتىشىمۇ كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئالتە ئاينىڭ ئالدىدىلا يېڭى پايتەختنىڭ نامىنى ئۆزگەرتمەسلىك توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلغان زۇڭتۇڭ نەزەر بايېۋ يەنىلا نام ئۆزگەرتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بۇ شەھەر ئۈچىنچى نامغا يەنى «ئاستانە» دېگەن نامغا ئىگە بولدى، «ئاستانە» سۆزىنىڭ قازاق تىلىدىكى مەنىسى «پايتەخت» . (02)

## روسىيە جۇڭگوغا ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئېكسپورت قىلماقچى

رۇسىيىنىڭ بوگوچانىي يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن ھەر يىلى جۇڭگوغا 40 مىليارد كىلوۋات ـ سائەت ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ئېكسپورت قىلىشنى قارار قىلدى. ھازىر كراسنويارسكى ئوبلاستىدا ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىڭ يىللىق ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىش مىقدارى 20 مىليارد كىلوۋات ـ سائەت بولۇپ، جۇڭگو تەرەپ مەزكۇر تۈرگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بۇ تۈرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ. (30)

## ئۇكرائىنا بىلەن رۇسىيە قىممىتى ئاشقان باج بىلەن ئىمپورت بېجىنى ئۆز ئارا كەچۈرۈم قىلدى

ئۇكرائىنا تاموژنىسى يېقىندا بىر ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئۇكرائىنا بىلەن رۇسىيە ئۆز ئارا تاۋار ئىمپورت قىلىشتا قىممىتى ئاشقان باج بىلەن ئىمپورت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (01)

# دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن

قازاقىستان مالىيە مىنىستىرلىكى تاموژنا كومىتېتىنىڭ رەئىسى گونىن قاسىموۋ دۆلەت مۇخبىرلار كۇلۇبىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ مۇنداق دېدى: تاموژنا خادىملىرى ھازىر 18 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق دۆلەت چېگرىسىنى نوغداۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق لىنىيە كاسپىي دېڭىز ساھىلىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورگىنى دۆلەت چېگرىسىنى چۆرىدىگەن 126 تاموژنا ئېغىزى، 14 خەلقئارا ئاپتوموبىل يولى، 27 چېگرا ۋوگزالى، 22 ئايروپورتتىن ئىبارەت، «بارىس» دېگەن ئۈستى تاموژنىسمۇ قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 10 كاتېر تەسىس قىلىندى.

قازاقىستان دۇنيا تاموژنا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ، بېلورۇسسىيە، قازاقىستان، قىرغىزستان ۋە روسسىيەدىن ئىبارەت تۆت دۆلەتنىڭ تاموژنا ئىتتىپاقىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى تاماملىدى، ئامېرىكا، موڭغۇلىيە، ئىسرائىلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تاموژنا ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

قازاقىستاننىڭ تاموژنا خادىملىرى، ئاپتوماتلىشىش ۋە كومپيۇتېرلىشىشتا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ، ئوخشاش ساھەلىرىدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ خىزمىتى مەركىزىي نازارەت قىلىپ كونترول قىلىش ئەسۋابى ئارقىلىق نازارەت قىلىنىدۇ، ئېلېكترون سىستېمىسىنىڭ قوللىنىلىشى تاموژنا رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى.

تاموژنا خادىملىرىنىڭ مائاشى يۇقىرى ئەمەس، تەكشۈرۈش خادىملىرى ھەرئايدا 7000 - 8000 تەڭگە ھەق ئالىدۇ. خەلقئارا نىزام بويىچە، تاموژنا ئورگانلىرى يىغقان مەبلەغنىڭ 0.2% تى ئۆز كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ، قازاقىستان تاموژنىلىرى بولسا ھەممىسنى خامچوتقا كىرگۈزىدۇ. غەملەنگەن مەبلەغنى ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن، بىر يۈك ئاپتوموبىللىرىنى قوغداپ مېڭىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تەسىس قىلىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنى ئالاھىدە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدۇق.

مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇخبىرلار بالقاش شەھىرىدىكى بىرنەپەر تاموژنا خادىمىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئىگىلىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىككى بالىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ماددىي جەھەتتە زور ياردەمگە ئىگە بولىدۇ. بىراق كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، بۇ ھەرگىزمۇ تاموژنا خادىملىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىكى بىردىن بىر ئەھۋال ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى دانە ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلى پارتلىتىلدى. ئۈچ نەپەر خىزمەتچى خادىم ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا ئۆلتۈرۈلدى. بىزنىڭ خىزمىتىمىز جاپالىق ھەم قىيىن، بەزىدە دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ھاياتنى تەقدىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تاموژنا خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى ئۈستىدە توختالغاندا كومىتېت مۇدىرى مۇنداق دېدى: 1997 - يىللىق كىرىم - چىقىم خامچوتىدا كىرىم 22 مىليارد 372 مىليون تەڭگە بولدى، 1998 - يىلى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. (02)

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقى بىشكېكتە يىغىن چاقىردى

1998 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ھۆكۈمەتى باشلىقلىرى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پايتەختى بىشكېك شەھرىدە يىغىن چاقىردى. يىغىنغا قازاقىستان زۇڭلىسى نۇرلان بالكىمبايېۋ، ئۆزبېكىستان زۇڭلىسى ئۆتكۈر سۇلتانوۋ ۋە قىرغىزىستان زۇڭلىسى ئاباس جۇماگۇلوۋلار قاتناشتى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقىغا ئەزا ئۈچ دۆلەتنىڭ ھەمكارلىق مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ قوشنا دۆلەتكە دەخلى قىلىۋاتقان ئەڭ ئۆتكۈر مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ھۆكۈمەتى باشلىقلىرى كومىتېتى يىغىنىنىڭ رەسمىي كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن مەسىلىلەردىن سىر دەريا ئېقىمىدىكى سۇ بايلىقىدىن ئورتاق پايدىلىنىش، دۆلەت ھالقىغان مالىيە گورۇھىنى تەشكىللەپ قۇرۇش، تەبىئىي ۋە ساقلىقنى ساقلاش ساھەسىدە ھەمكارلىشىش، مۇھىت ئاسراش ۋە تەبىئىي بايلىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش قاتارلىقلار بار. ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى مۇھاكىمە قىلغان مەسىلىلەر ئۈستىدە چۈشىنىش ۋە ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولۇپ 10 كېلىشىم ۋە شەرتنامە ئىمزالىدى، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ قوشنا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈردى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ھۆججەت ئۈچ دۆلەتنىڭ داۋاملىق ھالدا ئورتاق ئىقتىسادىي رايون قۇرۇشتىكى دەسلەپكى ھەركەت پىلانى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچ دوستانە قوشنىنىڭ ئىقتىسادىي بىرلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ باسقۇچى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ قانۇن، تاموژنا بېجى، قاتناش ھەققى، مەلۇم كەسپ ۋە كارخانىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى بىردەك ماسلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پەرەز ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بىرىنچە زۇڭلىنىڭ بۇ ھۆججەتكە نىسبەتەن باھاسى بىردەك بولدى، بولۇپمۇ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇزاقتىن بۇيان ئەپ بولماسلىقتەك ئەھۋال ئاستىدا. قىرغىزىستان زۇڭلىسى ئاباس جۇماگۇلوۋ بۇ پىلانغا مۇنداق باھا بەردى: ئىلگىرى بىزنىڭ ھەمكارلىقىمىز ئاساسەن ئىككى تەرەپنىڭ بۇ مۇرەككەپ رايوندىكى ھەممە مەسىلىنى ھەرگىزمۇ ھەل قىلالمايدۇ، بىر قىسىم ھۆججەتلەردە ھەتتا بىردەك بولمىغان ياكى ئۆز ئارا زىددىيەتلىك بەلگىلىمىمۇ ئۇچرايدۇ، ھازىر بىز ھەممە مەسىلىلەرنى ئورتاق مەسلىھەتلەشسەك ھەركىتىمىز تېخىمۇ بىردەك بولىدۇ.

ئۈچ دۆلەت زۇڭلىلىرى يەنە دۆلەت ھالقىغان مالىيە گورۇھى قۇرۇش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى، سۇ ئىشلىرى مالىيە گورۇھى قۇرۇش ئۈچ قوشنا دۆلەتنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىسادىي كۈچىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ بىرىنچى مىسالى. يېقىندا نارىن دەرياسى ۋە سىر دەرياسى سۈيىدىن پايدىلىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە تالاش - تارتىش بولغان ئىدى، بۇ ئىككى دەريا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ دۆلەت زېمىنىدىن ئۆتىدۇ، ئۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن كۈندىلىك تۇرمۇشقىمۇ مۇناسىۋەتلىك، ئۇنى قانداق ئايرىش كېرەك؟ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇش ۋە

ئىشلىتىش راسخوتىنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟ قوشنا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چەتكە قېقىشنى قانداق ماسلاشتۇرۇش كېرەك؟ بۇ خىلدىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەر بەزىدە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئۆزىنى مەرەتى قىلدۇرۇشىغا ئۇستۇنلۇق قىلىپلا قالماستىن پۈتكۈل رايوندىكى ئوقۇنۇشنىڭ پىلتىسى بولۇپ قالدۇ.

يېقىندا سۇ ئىشلىتىش مالىيە گۇرۇھىنى قۇرۇش كېلىشىمىدىن باشقا يەنە سىر دەرياسى ئېقىمىدىكى سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش توغرىسىدىكى كېلىشىم ئىمزالاندى. ئۆزبېكىستان زۇڭلىسى ئۆتكۈر سۇلتانوۋ مۇنداق دېدى: ھازىر سۇ رايونىنى ئايرىش ياكى دۆلەتلەر ئارا بىرقىسىم راسخوتلارنى تۆلەش بولسۇن، مالىيە گورۇھىغا قاتناشقۇچى دۆلەت رايون ئىگىلىكىنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇپ تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى ئورتاق ئاچىدۇ، ئەلۋەتتە ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ نەزەرگە ئالىدۇ. يىغىندا ئۈچ دۆلەت ئورتاق سۇ مۇئەسسەسەلىرىنى ئىشلىتىشكە قاتنىشىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. كېلىشىمدىكى بەلگىلىمە بويىچە، قىرغىزستان نارىن دەرياسى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن قوشنا دۆلەتلەرگە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن قازاقستاندىن كۆمۈرگە، ئۆزبېكىستاندىن تەبىئىي گاز ۋە نېفىتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرلەشمە مالىيە گۇرۇھى يەنە نېفىت، تەبىئىي گاز، ئۇران قاتارلىق تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى ئورتاق ئاچىدۇ.

قىرغىزستان زۇڭلىسى، ئەڭ ياخشىسى پۈتۈن رايوندا خىزمەتنى قانات يايدۇرالايدىغان مەخسۇس كارخانا ئىزىملىكى تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەندى، يىغىنغا قاتناشقان باشقا كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. مەسىلەن، ئىلگىرى قىرغىزستاننىڭ ماشىنىسازلىق زاۋۇتلىرى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ قىسىم جۇمھۇرىيەتلىرىنى ھەر خىل قۇۋۋەتتىكى ئېلېكتر دىۋىگاتېلى بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى، ھازىر ھەر بىر دۆلەتنىڭ پۇل خەجلەپ ئېلېكتر دىۋىگاتېلى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا، قازاقستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى بالون بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۆزبېكىستان بولسا ئەڭ چوڭ ئاپتوموبىل ياساش مەركىزى، دۆلەت ھالقىغان مالىيە گورۇھى قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ دۆلەت بىشكېكتە يەنە باشقا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى، مەسىلەن، مۇھىت ئاسراش، تەبىئىي بايلىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، ئالاھىدە بولغان بۇ رايوندىكى كۆپ خىل جانلىقلارنى قوغداش قاتارلىق مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك كېلىشىملەر. ئىنسانلارنىڭ ئاقىلانە بولمىغان قىلمىشلىرى ئېكولوگىيىگە ئېغىر زىيان سالدى. مەسىلەن، سۇغىرىدىغان سۇدىن قالايمىقان پايدىلىنىش، كېرەكسىز خىمىيە سانائىتى ماددىلىرىنى قالايمىقان تاشلىۋېتىش قاتارلىقلار، نەتىجىدە بۇ رايوندا رادىئو ئاكتىپلىق قالدۇق ماددىلار ساقلىنىپ قېلىپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا بىرقەدەر ئېغىر زىيانلارنى سالدى. ھازىر بىشكېكتە ئېكولوگىيىنى قوغداش كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن بۇ خىل تەھدىتنى ئازايتىشتىن ئۈمىد تۇغۇلدى.

قىرغىزستان پرېزىدېنتى ئاسقار ئاكايېۋ قىرغىزستاندا يىغىنغا قاتناشقان ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقىنىڭ تۆت يىلدىن بۇيانقى پائالىيەت نەتىجىلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى، بۇ ئىتتىپاقنى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى دائىرىسىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك مۇستەقىل دۆلەتلەر ئىتتىپاقى دەپ قارىدى. (02)

# ئوتتۇرا ئاسىيا زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشتە يېڭى ستراتېگىيىگە مۇھتاج

زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى دۆلەت ھالقىغان باشقا نۇرغۇن جىنايەت شەكىللىرىگە ئوخشاش مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ئۇ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىغا زىيان يەتكۈزۈپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتتىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىنىڭ ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. رۇسىيە باش تەپتىش مەھكىمىسى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاسلىي سايلوۋ زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىنىڭ خەتەرلىكلىكىگە مانا مۇشۇنداق باھا بەرگەن. ئۇ مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى بىلەن بولغان كۈرەشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىنىڭ بەكلا ئاز بولۇشىدىكى سەۋەب ھەم بۇ مۇرەككەپ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى قوللانغان ئۇسۇل توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى شەرھىلىدى. دۇنيادىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكەتلىرى ئىچىدە، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش، قانۇنسىز سودا ئىچىدە ئەڭ كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىدىغان بىر خىلدۇر. ستاتىستىكاشۇناسلارنىڭ دۆلەتنىڭ تاموژنا چېگرىسىدىكى، بولۇپمۇ رۇسىيە فېدېراتسىيىسى تاموژنا چېگرىسىدىكى زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى ئورنىدىكى ئېلىپ بارغان ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، 1997 - يىلى ئالتە ئاي ئىچىدىلا 700 پارچە زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك دېلوسى پاش قىلىنىپ، 4.4 تونна زەھەرلىك چېكىملىك قولغا چۈشۈرۈلگەن. رازۋېتكا خادىملىرى قولغا چۈشۈرۈلگەن زەھەرلىك چېكىملىك ۋە زەھەرلىك چېكىملىك خام ئەشيالىرىنىڭ ئاساسەن قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، گرۇزىيە، ئەزەربەيجان، قازاقىستان، ئورال ۋە مولداۋىيىدىن كېلىدىغانلىقىنى بايقىغان.

يېقىندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئاتالمىش ئىسپىرت ئۇرۇشى مەسىلىسى توغرىسىدا توختالدى. گەرچە بۇ مەسىلىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلار ئوخشاش دەرىجىدە تۇرالايدۇ. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردە كۆپ مىقداردىكى سېتىۋېلىنغان، ئوغرىلاپ كېلىنگەن ۋە ساختا ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر دۆلەتكە ھېچقانداق رەسمىيەت ھەققى ۋە باج تاپشۇرمايلا بازارغا سېلىنغان. چەت ئەلدىن ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىك خام ئەشيالىرى ئەرزان ئىمپورت يەر ئاستى سودا بازىرىغا كىرىشتىكى ئاساسلىق مەنبە. پايدىنى نەزەردە تۇتقاندا، مەلۇم دۆلەتتە قانۇنسىز ئىشلەپچىقىرىلغان ئىسپىرت باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنسا ياكى ئۇ دۆلەت ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرگە يۆتكەلسە ئالاھىدە خەتەر پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە ئاز بولمىغان ئىقتىسادىي پايدا كەلتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ قانۇنسىز پايدا مەلۇم دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىتى ۋە جەمئىيىتىدە جىددىي ۋەزىيەت

پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ۋە تەشكىللىك جىنايەت ئۆتكۈزۈش تېخىمۇ كۆپەيدى.

زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىغا قاراپ باقايلى، نېمە ئۈچۈن زەھەرلىك چېكىملىكنى مەنئى قىلىشنىڭ ئۈنۈمى شۇنچە ئاز بولىدۇ؟ ئالدى بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلمىدى. بىراق، بۇ يەردە ئېيتىلغىنى يالغۇز مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىلا ئەمەس. بارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلار زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى بىلەن كۈرەش قىلىش كېلىشىمىگە دېگەندەك ياخشى ئەمەل قىلالمىدى. ئىمزالىغان توختام ۋە كېلىشىمنى چوقۇم قەتئىي ئىجرا قىلىش، توختام ۋە كېلىشىمنى ئىجرا قىلمىغان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن جازالاش تەدبىرلىرى قوللىنىش كېرەك، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئەھۋالنى ياخشى تەرەپكە بۇرىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا يەنە بىر قاتار مۇھىم ھۆججەتلەر بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ھوشسىزلاندۇرۇش دورىلىرى بىلەن بولغان كۈرەشتە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدىغان بىر قاتار كېلىشىم بولۇشى كېرەك. خەلقئارا پىلان بويىچە قازاقىستان بىلەن ئۆزبېكىستان 1996 ـ يىلىنىڭ تۆتىنچى پەسلىدە خەلقئارا ھەمكارلىق كېلىشىمىنى تۈزدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر روسىيە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتى ۋەكىللىرى بىرلەشمە يىغىنى ئالما-ئاتادا ئېچىلدى. يىغىندا زەھەرلىك چېكىملىكنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە توشۇشقا نىسبەتەن بىرتۇتاش نازارەت قىلىش مەسىلىسى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ قېتىمقى خەلقئارا يىغىنغا قاتناشقانلاردىن يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقئارا مۇدىرىيىتى، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ۋە ۋاتىكان دىنىي ئورگىنىنىڭ ۋەكىللىرى بار. يىغىن مۇزاكىرە قىلىنغان مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى ۋە زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش كۈرىشىدە دۇچ كەلگەن ئېغىر ۋەزىيەت تولۇق ئىسپاتلاندى.

زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى بىلەن كۈرەش قىلىشتا خەلقئارا ھەمكارلىق ئىنتايىن مۇھىم، بۇنىڭ ئۈچۈن قاتنىشىدىغان دۆلەت ۋە تەشكىلاتلار بۇ ۋەزىيەتنى تولۇق ئورۇنلىيالايدىغان، ئېنىق بولغان يېڭى ستراتېگىيىنى ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلىغان بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن زەھەرلىك چېكىملىكنى مەنئى قىلىش كۈرىشىنىڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. (02)

---

(بېشى 45 ـ بەتتە)

ئېنېرگىيە تارماقلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، كۆمۈرچىلىك سانائىتى ۋە يادرو سانائىتىنىڭ 21 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى يېڭى دولقۇنلىرىنى قوزغىش كونۇۋېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

بۇندىن باشقا ئېنېرگىيە مۇتەخەسسىسلىرى مۇھاكىمە يىغىنىدا يەنە روسىيىنىڭ 2010 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇنىرە مۆمىن

# قازاقىستاننىڭ بايرام ۋە خاتىرە كۈنلىرى

قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، پرېزىدېنت نەزەربايېۋ 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋە 1998 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بۇيرۇق ئېلان قىلىپ قازاقىستاننىڭ بايرام ۋە خاتىرە كۈنلىرىنى بەلگىلىدى.

بايراملار: پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق بايرىمى - جۇمھۇرىيەت كۈنى، ھەر يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ يېڭى يىل بايرىمى: ھەر يىلى 1 - ئاينىڭ 1 -، 2 - كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ خەلقئارا ئاياللار بايرىمى: ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ئەتىيازلىق كۈن - كۈن تەڭلىشىش بايرىمى: ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ قازاقىستان خەلقىنىڭ ئىتتىپاق كۈنى: ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ غەلىبە بايرىمى: ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇن كۈنى: ھەر يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ مۇستەقىللىق كۈنى: ھەر يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

خاتىرە كۈنلىرى: ۋەتەننى قوغدىغۇچىلار كۈنى: 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى؛ سىياسىي باستۇرۇشتا ئۆلگەنلەر خاتىرە كۈنى: 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى؛ نەشرىيات كۈنى: 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى؛ تەنھەرىكەت كۈنى: 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، بىلىم كۈنى: 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ؛ قازاقىستان خەلقىنىڭ تىل كۈنى: 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى؛ دۆلەت پۇلى (تەڭگە) كۈنى: 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى. (02)

# فرانسىيەدە ئوتتۇرا ئاسىيا مەسلىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

فرانسىيىنىڭ يۇقىرى پالاتاسى بىلەن تاشقى سودا مەركىزى فرانسىيىنىڭ يۇقىرى پالاتاسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا مەسلىسى مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى، يىغىنغا فرانسىيەنىڭ ئالىي پالاتا ئەزاسى، چوڭ شىركەت ۋە بانكا رەھبەرلىرى، ئوتتۇرا - كىچىك تىپتىكى كارخانا ۋەكىللىرى، ھەرقايسى مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتنىڭ مەسئۇللىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەسلىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سىياسىي نەزەرىيىچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار قاتناشتى، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى، فرانسىيىنىڭ بۇ يەردىكى سودا ھەركىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جۇغراپىيە، سىياسەت، تارىخ، مەدەنىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەمىنلىگەن تەھلىللىرىگە ئېرىشتى.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، يىغىننىڭ مۇھاكىمە نەتىجىسىدە ئېيتىلىشىچە، فرانسىيە قازاقىستاننىڭ ئىسلاھات تەرەققىياتىنى كۆزىتىشكە قىزىقىدىكەن ھەم قازاقىستاننى ئۆزىنىڭ پايدىلىق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق شېرىكى دەپ قارايدىكەن. (02)

# روسىيە ئېنېرگىيە مۇتەخەسسىسلىرى 21-ئەسىردىكى يېڭى ئېنېرگىيە توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى سۆزلەشتى

روسىيىنىڭ بىر تۈركۈم ئېنېرگىيە مۇتەخەسسىسلىرى يېقىندا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارا « ئېنېرگىيە ۋە جەمئىيەت » مۇھاكىمە يىغىنىدا مەزكۇر دۆلەتنىڭ 21-ئەسىردىكى ئېنېرگىيە توغرىسىدىكى يېڭى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يەرشارى خاراكتېرلىك ئېنېرگىيە مەسىلىسى ۋە شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بۇلغىنىشنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى بايلىق يېتىشمەسلىك ياكى تېخنىكا قالاق بولۇش بولماستىن، بەلكى ئىسراپچىلىق ھەم ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەقدىرىگە پاسسىپ مۇئامىلە قىلغانلىقىدىندۇر.

مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم ھالقا ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پاكىز ۋە قايتا ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدىغان ئېنېرگىيە مەنبەسىدىن پايدىلىنىشتا.21-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا بۇ خىل ئېنېرگىيە مەنبەلىرى نېفىت كانلىرىدىن چىقىدىغان گازلار ۋە يادرو ئېنېرگىيىلىرى بىلەن ئوخشاشلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن گېئولوگىيىلىك چارلاپ تەكشۈرۈشنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھازىر بار بولغان چوڭ تىپتىكى نېفىت - گاز مەيدانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسىنى سودا تەرەققىيات قىممىتىگە ئىگە سانائەت زاپىسىغا ئايلاندۇرۇش، كۆمۈرچىلىك سانائەت زاپىسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ 30 يىل ئىچىدە كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يېتىپ كېلىدىغان « كۆمۈردىن پايدىلىنىش يېڭى دولقۇنى » ئۈچۈن بايلىق ۋە تېخنىكا جەھەتتە تەييارلىقلارنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك .

1998- يىلىدىن 2000- يىلىغىچە بولغان ۋاقىت تەييارلىق باسقۇچى بولۇپ، ئېنېرگىيە مەنبەسى سانائىتىنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشقا يۈزلىنىشى ئۈچۈن پەن - تېخنىكىلىق ۋە مېتودولوگىيىلىك ئاساس يارىتىپ بەردى .

2030 - يىلىدىن ئىلگىرىكى بۇ مەزگىل بىرىنچى باسقۇچى بولۇپ ، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تەبىئىي گاز سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئېنېرگىيە ئىقتىساد قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت . بۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە بارغاندا دۇنيا تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارى بىر ھەسسە ئاشىدۇ، مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشى ئاساسلىقى روسىيىگە تايىنىدۇ. شۇڭا يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسىنى تېپىشتىن ئىلگىرى نېفىت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ئامالنىڭ بېرىچە ساقلىنىش كېرەك .

ئىككىنچى باسقۇچ 2031- يىلىدىن 21- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولۇپ نېفىت ، تەبىئىي گاز ۋە كۆمۈرنىڭ ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتىكى نىسبىتى تەڭلىشىش كېرەك . بۇ باسقۇچنىڭ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى قۇدرەتلىك يېڭى

ئاخىرى 43-بەتتە

# دۆلىتىمىزنىڭ سوپۇن پاراشوكى قىرغىزستاندا

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى چېگرىسىدىكى تۇرغات چېگرا ئېغىزىدا ساياھەت، مال سېتىۋېلىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان قىرغىزستان ئاھالىلىرىنىڭ ساياھەت جەريانىدا مال سېتىۋېلىشى ئارقىلىق، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان تۈرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنىش مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقارغان سوپۇن پاراشوكىنىڭ قىرغىزستان بازىرىدىكى سېتىلىش مىقدارى كۆزنى ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بۇ يىل 6-ئايدىن بۇيان تۇرغات چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىنغان سوپۇن پاراشوكى ئېشىپ 400 توننىغا يەتكەن، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۈرۈمچى كۈندىلىك بۇيۇملار خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «ئاق توشقان» ماركىلىق سوپۇن پاراشوكى ۋە قەشقەر كۈندىلىك بۇيۇملار خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «ئۈزۈم» ماركىلىق سوپۇن پاراشوكىدىن ئىبارەت. قىرغىزستاننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، گەرچە دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان بىر قىسىم داڭلىق سوپۇن پاراشوكلىرىنىڭ يۇيۇش ئۈنۈمى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن باھاسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغانلىقتىن قىرغىزستاندا بازىرى چىقمىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى، باھاسى تۆۋەن بولغان سوپۇن پاراشوكى قىرغىزستان ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىگە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.(03)

# قازاقىستاندا نېفىت مۇزېيى قۇرۇلىدۇ

1898 - يىلى قازاقىستاننىڭ دوسسور رايونىدا تۇنجى تۈركۈم سانائەت نېفىتى قېزىلىپ، قازاقىستان ئەزەربەيجاندىن قالسىلا چار رۇسىيىنىڭ ئىككىنچى نېفىت ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپ قالدى. بۇ يىل قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئېمبا دەريا ساھىلى نېفىت سانائىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى خاتىرىلىنىدۇ. ئاتراۋ شەھىرىدىن باشلانغان تەبرىكلەش پائالىيىتى تۈرلۈك خاس ئالاھىدىلىك بىلەن پۈتۈن دۇنياغا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ نەتىجىلەر ئامېرىكىنىڭ «شېۋرون» شىركىتى بىلەن ئىمزالىغان نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرى كېلىدىغان تېڭگىز نېفىتلىكىنى ئېچىش توختامى ۋە غەرب شىركەتلىرى بىلەن ئىمزالىغان كاسپىي دېڭىزى چوڭقۇرلۇق بوسۇغىسى نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى تەقسىم قىلىش توختامى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نۇرغۇن مېھمانلار ئاتراۋ شەھىرىگە كېلىشى مۇمكىن. ئاتراۋ ئوبلاستىنىڭ باشلىقى ئاتراۋ شەھىرىدە نېفىت مۇزېيى قۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يېقىندا قازاقىستان پرېزىدېنتى ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولغاندا بۇ شەھەرنى قازاقىستاننىڭ يېڭى نېفىت پايتەختى دەپ ئاتىدى. نۆۋەتتە قۇرۇلۇش لايىھىسى تۈزۈلۈپ بولدى، مەبلەغ، مەيدانلارمۇ تەق بولدى.(02)

# قوشۇلما قىممەت بېجى تاموژنا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى سودا تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولماقتا

بېلورۇسسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە رۇسسىيە قاتارلىق تۆت دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان تاموژنا ئىتتىپاقى 1998 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى مەزكۇر ئىتتىپاققا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىلار يىغىنىنى ئاچتى. رۇسسىيىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىسى ئاناتولىي چۇبايسنىڭ قارىشىچە، تاموژنا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىدىن ئېلىنغان قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ بىردەك بولماسلىقى ئۇلارنىڭ سودا سوممىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىكەن. ئىقتىسادنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى ن. ئىسىنگالىنمۇ يىغىندا قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ ئۆز ئارا سودىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. مەسىلەن، 1997 - يىلىنىڭ دەسلىۋىدە قازاقىستان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلاردىن قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىش بەلگىلىمىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، خەلقئارا ئادەت بويىچە يەنى مال يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان ئاخىرقى نىشانغا ئاساسەن قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىش چارىسىنى قوللاندى. ئەمەلىيەتتە بۇ يۇقىرىقى ماللاردىن قوشلاپ باج ئېلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە قازاقىستاننىڭ 1997 - يىلىدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر، جۈملىدىن تاموژنا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا سوممىسى زور مىقداردا تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە رۇسسىيە بىلەن بولغان سودا سوممىسى 20%، بېلورۇسسىيە بىلەن بولغان سودا سوممىسى 30% تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەكسىچە 1995 - 1996 - يىللىرى قازاقىستان تاموژنا بېجىنىڭ نىسبىتىنى تۆۋەنلەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ تاشقى سودا سوممىسى 40% - 50% كىچە ئارتتى.

زۇڭلىسى چۇبايس، مۇئاۋىن زۇڭلىلەر يىغىنىنى ئېچىشتىكى مەقسەت قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىش مەسىلىسىنى تېپىشىپ ھەل قىلىش دەپ كۆرسەتتى. ھازىر تۆت دۆلەت ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى تاموژنا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىدىن قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىش توغرىسىدىكى يېڭى تەدبىر لايىھىسىنى تۈزمەكتە ھەمدە ئۇنى تۆت دۆلەت زۇڭلىلىرىنىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك قەرەللىك يىغىنىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ ماقۇللىشىغا قويۇشنى پىلانلىماقتا. چۇبايس مۇھاكىمە يىغىنى ئارقىلىق قوشۇلما قىممەت بېجى مەسىلىسىنى ئورتاق ھالدا مۇۋاپىق ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى تېپىپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (03)

# قازاقىستان كېلەر يىلى يېڭى پايتەخت ئۈچۈن 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىدۇ

ئاقمولا شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى 1999 - يىلى 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بىلەن يېڭى پايتەختنى ئۆزگەرتىپ قۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، بۇ پۇللارنى چەت ئەللىك شېرىكلەر بىلەن يېڭى پايتەخت فوندى جەمئىيىتى تەمىنلەيدۇ. 1998 - يىللىق بىرىكمە مەبلەغ سوممىسى بىلەن 1999 - يىللىق خىزمەت مىقدارى 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن. يېڭى پايتەختنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئاقمولا شەھىرىنىڭ مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. قازاقىستان پرېزىدېنتى نەزەربايېۋ ئاقمولا شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت قىسقا تۈرلەرنى تەستىقلىدى. 50 نەچچە سودا ئورۇنلىرى ۋە مۇلازىمەت كارخانىلىرى، تىجارەت باشلىدى. شەھەر قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى لايىھە، خەلقئارا خېرىدار چاقىرىش شەرتى ۋە توختىمى تۈزۈپ چىقىلدى. شەھەر باشلىقى مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بەرگەندە مۇنداق دېدى: قازاقىستاننىڭ يېڭى پايتەختىدە رۇسىيىلىك سودىگەرلەر تەدرىجىي كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سودا ئارماقلىرىدا قىسقا مۇددەتلىك سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاقمولا شەھىرىنىڭ چېلىيابىنسكى، سۋېردلوۋسكى، ئومسكى شەھەرلىرى بىلەن مۇقىم مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، بۇ يەرلەردىن خىش، تۇرۇبا ۋە باشقا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىمپورت قىلىدۇ. تۈركىيىنىڭ بىر قىسىم شىركەتلىرى ئاساسەن بىناكارلىق ساھەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ، يېڭى پايتەختنىڭ ئاساسىي ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شەھەر مەمۇرىي پىلانى بويىچە، ئاقمولا شەھەر ئاھالىسى 284 مىڭ ئادەمدىن ئاشىدۇ، شەھەردە 37 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈچ ئالىي مەكتەپ ۋە 22 دوختۇرخانا تەسىس قىلىنىدۇ. (02)

---

(بېشى 36-بەتتە)

ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزى ئىشلەپچىقارغان تېلېۋىزورلارنىڭ قازاقىستان بازارلىرىدىكى نىسبىتىنى 30% كە يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى. بۇ شىركەتنىڭ قازاقىستان خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ تېلېۋىزورلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى چەكلەش نىيىتى يوق، ئۇنىڭ مەقسىتى تەدرىجىي ھالدا ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تۈركمەنىستان بازارلىرىنى ئىگىلەش، 1999 - يىلىغا بارغاندا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا تېلېۋىزور بازارلىرىنىڭ خوجايىنى بولۇشتىن ئىبارەت. مەزكۇر زاۋۇتنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىرى بۇ ئۈمىدۋار پىلاننىڭ ئاساسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بازارنى رۇسىيىنىڭ سىبىرىيە رايونى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە كېڭەيتىش. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىنقى كۈنلەردىلا ھەل بولىدىغان ئىشلار.

يېقىندا «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالما-ئاتا GL ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى» زاۋۇتى يەنە يېڭى مەھسۇلات-ھاۋا تەڭشىگۈچ، كىر ئالغۇ، چاڭ-توزان سۈمۈرگۈچ ۋە باشقا ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلاندى. بۇلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئاساس قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. يېقىنقى ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدە بۇ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىنىدۇ، كارخانىمۇ مۇشۇ ئارقىلىق خىزمەت ئورنى تەسىس قىلىشنى پىلانلىدى.(02)

## پايدىسى يوق پۇتبول

مۇخبىر ئوكلاخوما ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پۇتبول تېرنېرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ پۇتبولنىڭ تەنتەربىيە چېنىقىشتا قانداق تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورىدى. «مۇتلەق يوق» دېگەن جاۋاب بېرىلدى.

«مۇتلەق يوق؟» ھەيران بولغان مۇخبىر سورىدى، تەپسىلىراق سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟»

«ئەلۋەتتە» دېدى ئۇ «مېنىڭچە پۇتبول دېگەن دەم ئېلىشقا تېگىشلىك 22 ئادەم مەيداندا جېنىنىڭ بېرىچە يۈگرەيدۇ، ئەكسىچە چېنىقىشقا تېگىشلىك 40 مىڭ ئادەم ئۇلارنى ئولتۇرۇپ كۆرىدۇ.»

## ئايال

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئويۇن كۆرمەكچى بولۇشۇپ ئىشىكتىن چىقىپ ئايالى ئېرىگە دەپتۇ: «ساقال-بۇرۇتلىرىڭىز يەنە ئۆسۈپ كېتىپتۇ، خۇددى ياۋا چوشقىغا ئوخشاپ قاپسىز، پاكىزراق ئالماپسىز»

ئەر چارىسىزلىقتىن: «ساقىلىمنى ئېپىۋالغان!» دەپتۇ.

«قاچان؟» «سىز گىرىم قىلىشقا باشلىغاندا!»

## ئىشەنچىسىز

A: ئاڭلىسام سىز تويلۇقنى ياندۇرۇۋېتىپسىز؟

B: شۇنداق!

A: يىگىتىڭىز خېلى يامان ئەمەستىغۇ؟ نېمىشقا تويلۇقنى قايتۇرۇۋەتتىڭىز؟

B: ئاچچىقلانغىنىدىن جاۋاب بېرىپتۇ: چۈنكى مەن ئۆزەمگە پال سالدۇرغانتىم، پالچى مېنى ئىككى پەرزەنت كۆرىدىكەنسىز، دېدى؛ يىگىتىممۇ پال سالدۇرغانتى، پالچى ئۇنىڭغا سىز ئۈچ پەرزەنت كۆرىدىكەنسىز دېدى. ئويلاپ بېقىڭا، ئۇنىڭ ئۈچىنچى پەرزەنتى كىمدىن تۇغۇلىدۇ؟ بۇنداق ئادەمنى ئىشەنچىلىك، دېگىلى بولامدۇ؟

## توشقان تۇتۇش

لوس - ئانژېلىس ساقچى مەھكىمىسى، بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئىدارىسى ۋە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىدىكىلەر پىرىزىدېنتقا ئۆزلىرىنىڭ قاچقۇنلارنى تۇتۇش ماھىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بوپتۇ. پىرىزىدېنت بىر سىناق ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەپتۇ، بىر توشقاننى ئورمانلىققا قويۇۋېتىپ، ئۇلارنى توشقاننى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىدىكىلەر ئورمانلىققا كىرىپتۇ. ئورمانلىقنىڭ ھەممە يېرىگە ھايۋاناتلار ئاخبارات ستېمىسى ئورنىتىپتۇ ۋە بارلىق ئۆسۈملۈك ۋە رودىلارنى ئاختۇرۇپ چىقىپتۇ. ئۈچ ئايلىق قاتتىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئورماندا توشقان يوقكەن دەپ يەكۈن چىقىرىپتۇ.

ئۇندىن كېيىن بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىكىلەر ئورمانلىققا كىرىپ ئىككى ھەپتە ئىچىدە ھېچقانداق يىپ ئۇچى تاپالماپتۇ ۋە ئورمانلىققا ئوت قويۇپ پۈتۈن ھايۋانلارنى ھېلىقى توشقان بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، ئۇلار ئەپۇ سوراش ئۇيالقىنا تۇرسۇن، بۇ، توشقان تېرىغان بالا دەپتۇ.

لوس - ئانژېلىس ساقچىلىرى كەپتۇ. ئىككى سائەتتىن كېيىن تاياق زەربىدىن ھالىدىن كەتكەن بىر ئېيىقنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. ھېلىقى ئېيىق ئاچچىقىنى باسالماي قاتتىق ۋاقىراپتۇ: «بولىدۇ، بولىدۇ، مەن توشقان! مەن توشقان!»

ئابدۇرېشىت قادىر (ت)

# «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى دۆلىتىمىزدە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى، شۇنداقلا قانۇن - بەلگىلىمىلىرىنى خەۋەر قىلىدىغان بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر ژۇرنىلىدۇر. ژۇرنىلىمىز مەملىكەت ئىچىدە ئاشكارە تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر مۇشتەرى بولۇش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسىڭىز مۇشتەرى بولۇش ھەققىنى بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ.

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇرلۇق قورا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

تېلېفون نومۇرى: 0991 - 3837994

پوچتا نومۇرى: 830011

ئالاقىلاشقۇچى: مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم

# 《中亚信息》(维吾尔文) ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

双月刊 قوش ئايلىق ژۇرنال

主办单位：新疆维吾尔自治区科委
海宇国际集团
出版单位：新疆科技情报研究所
《中亚信息》杂志社
印　刷：新疆科技报印刷厂
总 发 行：乌鲁木齐邮政局
订　阅：全国各地邮局(所)
邮政代号：58 — 132
电　话：(0991) 3837994
地　址：乌鲁木齐市北京南路
40号附8号
邮政编号：830011
定　价：3 .00元/册
国内同一刊号：CN65 — 1133/N

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى
خەيبۇي خەلقئارا گۇرۇھى
نەشر قىلغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا
ئاخبارات تەتقىقات ئورنى
تۈزگۈچى: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى» باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتىخانىلار
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 132
تېلېفون نومۇرى: (0991) 3837994
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40-نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830011، باھاسى: 3.00 يۈەن
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن
ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1133/N